دولقۇن جاپپار



# يىللار سىرى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى




بالىلار چۇش كۆردى قاباھەتلىك چۇش،
چاراسلاپ يېرىلدى پارتا، ئورۇندۇق.
ئۆچكەندە مەكتەپتىن بىر ياڭراق سادا،
يىغلىدى سىنىپلار، مەيدانلار بۇق - بۇق.

تەۋرىدى مەھەللە، سولدى غۇنچىلار
جىنازىڭىز كەيىندىن كەلدى سۈرۈلۈپ.
تالاشتى جىنازىڭىزنى 32 ھەرپ
ۋە ماڭدى تالىشىپ سىزنى كۆتۈرۈپ.
مەسچىتتىك تېشىدا بويىنىنى قىسىپ
يىرتىپ ھەم ياقىسىنى ئەزرائىل ئۆزى
تولغاندى يىلاندەك يېشىنى تۆكۈپ.



ئۆزگەرتكىلى بولسا جاھاننى،
توختاتقىلى بولسا ئىنساننى
جېنىم ئانا، ئاھ جېنىم ئانا
جېنىم بىلەن ئۆزىغان ئانا
بەرمەسمىدىم سىز ئۈچۈن جاننى.
ئۆزۈم يېتىپ شۇ جىنازىدا
بولماسمىدىم خاتىرجەم، خۇشال
ئانام ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم دەپ
پۈرەكلىتىپ جاننى، ۋىجداننى.
جېنىم ئانا ، يۈرىكىم ئانا
دۇنيالىقىم، تۈۋرۈكۈم ئانا
يوشۇرالماي قالدىم ئۈشبۇدەم
سىزدىن بالدۇر ئايرىلغىنىمنى.



دولقۇن جاپپار

# بللار سرى

(شېئىرلار)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كىتاب نامى: يىللار سىرى
ئاپتورى: دولقۇن جاپپار
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇنگۈل ياسىن
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: ئۈرۈمچى شياۋ مىڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1 / 32
باسما تاۋىقى: 9
نەشرى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1453-4
باھاسى: 29.00 يۈەن

(باسما ۋە تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)



ئاپتور دادىسى جاپپار مۇسا ۋە ئانىسى ھەلىمىخان يۈسۈپ بىلەن بىللە.




ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە.

# نەشرىياتتىن

دولقۇن جاپپار 1974 - يىلى چىرا ناھىيەسىنىڭ دامكۇ يې-
زىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، تولۇقسىز ۋە تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپنى چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تاماملاپ
1990 - يىلى شىنجاڭ تەمىنات - سودا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق
كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، چىرا ناھى-
يەلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، چىرا ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك
تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، چىرا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋى-
قات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان.

دولقۇن جاپپار 1987 - يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان
قىلىنغان «ئۆزۈڭنى بىلمىسەڭ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي
ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونى-
مىز تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ھەرخىل ژانىردىكى
ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇرغان. ئۇنىڭ «كۆكلەيدىكەن
سېغىنىش دېگەن»، «شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار»، «سالام
دوستلار» قاتارلىق بەش گۇرۇپپا شېئىرى ئاپتونوم رايون ۋە
خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى
باھالاشتا 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئالتە
قېتىم ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، «يېڭى قاشتېشى»
ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك
ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «بېلىق ئۇلار، بەكمۇ
شىتىلە» ناملىق بىر گۇرۇپپا شېئىرى 13 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى
ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

ئۇ هازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ هەيئەت ئەزاسى، چىرا ناهىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى.



# ئاپتوردىن

مەن قۇم بارخانلىرى بىلەن لەۋ يېقىشىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس بىر يۇرتتا تۇغۇلدۇم. رەھمەتلىك ئاتا ـ ئانام شۇنداقلا سۆيۈملۈك ئۇستازلىرىم جاپپار مۇسا ۋە ھەلىمەخان يۈسۈپنىڭ قان ـ تەرىگە ئەركىلىك، باشتۇغلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ بىر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىندىم. شۇنچىلىك يېنىكلىك بىلەن ئوقۇشقا كىردىم... ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغىنىمغا، ئۆز ئارتۇقچىلىقىم، خاراكتېرىمنى ئالىي مەكتەپ باغرىدا تاكامۇللاشتۇرالمىغىنىمغا نەچچە قېتىملاپ ئۆكۈندۈم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئالىي مەكتەپ مەن ئۈچۈن يەنىلا شۇنچىلىك يېقىن تېما، يېزىپ تۈگەتكۈسىز گۈزەل شېئىر...

**1992** ـ يىلى چىرا ناھىيەلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىغا تەقسىم قىلىندىم. ئۇن زاۋۇتىدىكى گۈركىرەك ئاۋازلار، باسما زاۋۇتىدىكى دۆۋە ـ دۆۋە قەغەز، مايلار، ئوغۇت ئىسكىلاتىنىڭ سۇغۇق مېھرى، پاختا سېتىۋېلىش مەيدانلىرىدىكى چىدىغۇسىز ئىسسىق باغرىمنى شۇنچىلىك ئېزىپ تاشلىدىكى، گويا يەر شارىدا ئۆزۈمنى يەككە-يېگانە، يالغۇزدەك، جاھانغا ئارتۇقچە كېلىپ قالغاندەك، ھېچبىر ھەمراھى يوق غېرىب ـ مۇساپىردەك ھېس قىلدىم. مۇشۇ غېرىبلىق مېنى شېئىردىن ئىبارەت ئۇزۇن ۋە قىسىلچاق كوچىغا باشلاپ كىردى. ئۇن توزاندىلىرى، رەتلىنىۋاتقان باغاقلار، ھەر بىر قاپ ئوغۇت ئۈچۈن نەچچە قېتىملاپ ئالدى ـ كەينىگە يېنىۋاتقان، پاختا سېتىۋېلىش مەيدانلىرىدا بار ئۈمىدىنى ئاشۇ نەچچە قاپ پاختىسىغا باغلاپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان

دېھقان...، بۇلار ماڭا نېمىندۇر بىر نەرسىنى ھېس قىلدۇردى، بىر نەرسە ئىچ - باغرىمنى ئۆن - تىنسىز تاتىلاپ ئۆتكەندەك بولدى. بۇ شېئىر ئىدى.

يەتكەن زېھنىم بويىچە شېئىرغا ئوخشايدىغان يازمىلارنى يېزىپلا تۇردۇم. ئىچ - باغرىم بوشاپ قالدى. ھەممە نەرسە ماڭا باشقىدىن گۈزەل ۋە يېقىملىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. دۇنيا تېخىمۇ ئۈز، شۇنداقلا تېخىمۇ سىرلىق بىلىنىشكە باشلىدى. ئېگىمدا ھەر بىر تاش بىر شېئىر، ھەر بىر تۈپ گىياھ بىر شېئىر، ھەر بىر خىزمەتدىشىم بىر شېئىر، ئىشقىلىپ ھەر بىر مەۋجۇدات بىر شېئىر بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەتراپىمدىكى جىمى رېئاللىق ماڭا دائىم شېئىرىي تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىپ، قەلبىمگە جان كىرگۈزىدىغان بولۇۋالدى. دېمەك شېئىردىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك سەنئەت مېنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى. خىزمەت ئورنۇم، خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرىم، قەلبىمگە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، بارلىقىنى كەلگۈسۈم ئۈچۈن بېغىشلىغان دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلىرىم رەھمەتلىك دادام ۋە ئانام مەن ئۈچۈن ھەر دەقىق مەدەتكار بولدى. بىر شادلىقىم ئۈچۈن مىڭ قېتىم شادلاندى، بىر يىغام ئۈچۈن مىڭ قېتىملاپ يىغلىدى... ئۇلار مېنى ئاددىي سۆھبەت ئۇستەللىرىدىن ھالقىتىپ چوڭ - چوڭ ئىجادىيەت يىغىنلىرىغا، ئىجادىيەت كۇرسلىرىغا قاتنىششىمغا شوتا ۋە دەرمان بولدى. ھەر بىر ئەسىرىمنىڭ تۇنجى كىتابخانى ئاشۇلار بولدى... بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇكاپاتلىرىغا نائىل بولغانمۇ بولدۇم. ئىشقىلىپ ئىچىمدە بىر ئوت بار. ئۇلغايسا ئۇلغايدىكى ھەرگىز ئۆچمەيدىغاندەك، كۆل قىلسا قىلدۇكى، ھەرگىز ئۆزى كۆل بولمايدىغاندەك... مۇشۇ ئوت تۈپەيلى ئىجادىيەت مۇساپەمدە ئاز -

تولا نەتىجىلەر بار دېيىش مۇۋاپىق بولسا ئۇنداقتا ئالدى بىلەن بۇ نەتىجەم مېنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىگىچە ئارزۇلىغان، ماڭا چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغان، ھەتتا ئۇشبۇ توپلامىم ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئالدىرىتىپ، مېنى ئەڭ قىزغىن قوللىغان رەھمەتلىك، مېھرىبان، سۆيۈملۈك دادام جاپپار مۇسا ۋە ئانام ھەلىمەخان يۈسۈپكە مەنسۇپ. مېنىڭ ئەڭ قىزغىن كىتابخانلىرىم بولغان قېرىنداشلىرىم، ئىلھام بۇلىقىمنىڭ لىرىك مەنبەسى بولغان ئايالىم ۋە ئىككى ئوماق تايچىقىمغا مەنسۇپ. مېنى ئىزچىل قوللىغان دوستلىرىم، مەرىپەت سۆيەر رەھبەرلىرىم، جاپالىق خىزمەت مۇھىتىدا قان - تەر بەدىلى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىۋاتقان خىزمەتداشلىرىمغا مەنسۇپ. ئۇلار مېنىڭ بۈگۈنۈمنى ياراتتى. مەن ئۇلارغا سەمىمىيلىك بىلەن رەھمەت ئېيتىمەن.

# شېئىرنىڭ ھارارىتى ۋە شائىرنىڭ ئۆز - ئۆزىگە سادىقلىقى

—— دولقۇن جاپپارنىڭ «يىللار سىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇپ ئويلىغانلىرىم

**مۇھەممەدسالىھ مەتروزى**

دولقۇن جاپپارنىڭ «يىللار سىرى» ناملىق ئۇشبۇ شېئىرلار
توپلىمىنىڭ نەشرگە يوللانغان ئارگىناللىرىنى ئالاھىدە قىزىقىش
بىلەن ئوقۇشقا كىرىشكەن ۋاقتىم ئۆرۈمچىنىڭ سوغۇق پەسلى
ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ بولغان مەزگىللەر بولسىمۇ، ئەمما ۋۇجۇ-
دۇمغا ئۆزگىچە بىر خىل ئىللىق ھارارەت تارقاپ بارماقتا ئىدى.
مەن بۇ ئىللىق ھارارەتنىڭ دەل شېئىردىن كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلىپ تۇراتتىم. ئادەتتىكى يېزىقچىلىققا كىرىشكەندىكى ئادىتىم
بويىچە، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن
ئاندىن كىتابخانا ئۆيۈمگە چىقىپ، كىتاب ئۈستىلىم ئالدىغا كېلىپ
ئولتۇردۇم - دە، شېئىرلارنىڭ ئارگىناللىرىنى بىر - بىرلەپ ئو-
قۇشقا باشلىدىم. بەزى شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ ھاياجانلىق ھېسلا-
رىغا چۆمسەم، بەزى شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ تەگسىز ئوي - خى-
ياللارغا غەرق بولدۇم؛ بەزى شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ، يىراق-
يىراقلاردىكى سەھرالارغا كېتىپ قالسام، بەزى شېئىرلارنى ئوقۇ-
ۋېتىپ، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا ئەتراپىمغا ھەيرانلىق ئىلكىدە
قاراپ ماڭدىم؛ بەزى شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ، بالىلىق ۋە ئۆس-
مۈرلۈك دەۋرىمگە قايتسام، يەنە بەزى شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ،

ئۈنۈۋېرسىتېت تۈرمۇشىغا قايتتىم؛ بەزى شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ
ھاياتىمنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدىكى ھەر خىل كەچۈرمىش ۋە سەر-
گۈزەشتىلەرنى ئەسكە ئالسام، بەزى شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ تېخى
تۈنۈگۈنلا تېلېفوندا كۆرۈشكەن ئانامنىڭ مېھرىبان چىرايىنى
كۆچلۈك سېغىنىش ئىچىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئانام ھەققى-
دە نۇرغۇن تاتلىق ئەسلىمىلەرنى يۈرىكىم قېتىغا قايتىدىن مۆھۈر
قىلىپ ئويدۇم... ھەتتا مەرھۇم دادام ھەققىدىكى نۇرغۇن ئۇنتۇل-
غۇسىز خاتىرىلەر قايتىدىن يادىمغا كەلدى... كىتابخانا ئۆيۈمنىڭ
دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىغاندا ئاسمان پەقەت بىر پارچە قاراڭغۇ
بوشلۇق ھالىتىدە بولۇپ، كۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۆرۈمە-
چىنىڭ يۇلتۇزسىز بۇ سوغۇق كېچىسىدە شۇ تاپتا شېئىر ئوقۇپ
ئولتۇرۇۋاتقان بەلكىم مەن بىرلا ئادەم بولسام كېرەك، دەپ ئوي-
لىدىم ئىچىمدە ــ گەرچە دۇنيادا شېئىر ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ
ناھايىتى كۆپلۈكىگە ئىشەنسەممۇ. شۇ تاپتا شېئىرنىڭ ھارارىتى
ۋۇجۇدۇمدىن خىياللىرىمغا سىڭىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ كېچىدە دولقۇن
جاپپارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنۇ
بىر ئېغىز كۆڭۈل سۆزۈمنى دېگۈم كەلدى: شېئىرلىرىڭىزدىن سۆ-
يۈندۈم، دولقۇن جاپپار!

مەن ئادەتتە شېئىرلارغا تەبىر بېرىشنى تازا ياقتۇرۇپ كەت-
مەيمەن. چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە، ھەر قانداق بىر ياخشى شې-
ئىرغا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تەبىر بېرىش بەكلا قىيىن. ئۇ ئادەم
قەلبىدىكى ئەڭ نازۇك بولغان تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە سېھرىلىك
ھېس - تۇيغۇلارنى يېزىق شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىش بە-
لەن ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەت-
تە، شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچىگە ۋە جازىبىدارلىقىغا گەپ كەتمەي-
دۇ. بولۇپمۇ ياخشى يېزىلغان شېئىرلاردىن بۇنداق ئالاھىدىلىك-
لەرنى تازا ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەن بۇ قېتىم دولقۇن

جاپپارنىڭ مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «يىللار سىرى» دېگەن چوڭ نام ئاستىدىكى بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدىن شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچىنى ۋە ھارارىتىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

مېنىڭ دولقۇن جاپپار دېگەن بۇ ئىسمنى شېئىر بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا خېلى يىللار بولدى. راستىنى ئېيتسام، نېمە ئۈچۈن شۇنداق ھېس قىلغىنىمنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىلگىرى تازا ئېنىق ئويلىنىپ باقمىغانىكەنمەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ ۋە ئارقىدىنلا بۇ قۇرلارغا قەلەم تەۋرىتىۋېتىپ، ئاندىن مەندىكى بۇنداق تۇيغۇنىڭ مېنىڭ ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ناھايىتى كۈچلۈك قىزىقىش ۋە ئۈمىد بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. مېنىڭ ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىم «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلاردىن باشلىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ بىر نەچچە شېئىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن تەھرىرلەپ، شۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلغانىدىم. ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېلان قىلىنغان بولىسىمۇ، ئەمما ئۇ نېمىشقىكىن بۇ ژۇرنالغا ئانچە كۆپ ئەسەر ئەۋەتمەيتتى. يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپ سانلىق ئاپتورلارنىڭ ئادىتى بويىچە بولغاندا، ئۇلار ئادەتتە ئەسەرلىرى ئاساسەن قالدۇرۇلماي ئېلان قىلىنىدىغان مەتبۇئاتلارغا كۆپرەك ئەسەر ئەۋەتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر مەتبۇئاتنىڭ مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئېلان قىلىشى شۇ مەتبۇئاتنىڭ شۇ ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى ئالاھىدە قوللىغانلىقى، كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇ-

غانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىن يۇقىرى ئۇمىدلەرنى كۈتكەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ـ دە. كونا ئادىتىم بويىچە، ھەر قانداق بىر ئاپتورغا تۇتقان پوزىتسىيەمگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ بىلەن مەيلى يۈز تۇرانە كۆرۈشكەندە بولسۇن ياكى تېلېفوندا پاراڭلاشقاندا بولسۇن، ئۇنىڭ بىزگە ياخشى يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن كۆپرەك ئەۋەتىپ بېرىشىنى يۈز تۇرانە تەلەپ قىلمايتتىم ھەم بۇ توغرۇلۇق پاراڭمۇ قىلمايتتىم. ناۋادا بۇ ھەقتە پاراڭ قىلىش زۆرۈرىيتى بولۇپ قالسا، پەقەت ھەر قانچە ئالدىراش بولغان تەقدىردىمۇ يېزىقچىلىقنى تاشلاپ قويماسلىق ھەققىدىكى دوستانە تەكلىپ ۋە تەۋسىيەمنى سەمىگە سېلىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتىم. ئەمما كۆڭلۈمدە ئۇنىڭمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يازىدىغان ۋە ئەسەرلىرى كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن باشقا ئاپتورلارغا ئوخشاش ژۇرنىلىمىزغىمۇ كۆپرەك ئەسەر ئەۋەتىپ بېرىشىنى بەكلا ئۈمىد قىلاتتىم. دولقۇن جاپپارنىڭ كىتابخانلار ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ياخشى شېئىرلارنى يازالايدىغان تۇرۇپ، نېمىشقا ژۇرنىلىمىزغا كۆپرەك ئەۋەتمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتىم. كېيىن تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئىككىمىز بىر يۇرتلۇق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، جەمئىيەتتە «يۇرتلۇقىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ ئېلان قىلىنىپ كەتتى» دېگەن ئۇششاق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىزگە كۆپ ئەسەر ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم. ماڭا بۇنداق مەزمۇندىكى گەپنى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەدەبىيات مۇئەللىمىم، قەلبىمگە ئەدەبىياتنىڭ ئوت ـ ھەۋىسىنى ياققان سۆيۈملۈك ئۇستازلاردىن بىرى، يازغۇچى مەھمۇد سىدىق مۇئەللىمنىڭمۇ قىلغىنى يادىمدا. مەن يېڭى خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاپتورلارنىڭ مەيلى قەيەرلىك ياكى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەسىرى ياخشى يېزىل-

غان بولسلا، شۇنى ئېلان قىلىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇۋشنى تە-
كىتلەيتتىم ھەم بۇ ھەقتە باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى ئۇستىدە ئـار-
تۇقچە ئويلىنىشىنىڭ ھاجىتى يـوق، دەپ قارايتتـىم. ئەممـا مېنىـڭ
بۇنداق قارىشىم ئەتراپىمدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ تازا دېگەندەك
ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا دولقۇن جاپ-
پارنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىنىڭ ــ گەرچـە مەن بۇ گەپـنى خېلـى
كېچىكىپ ئاڭلىغان بولسامىمۇ ــ بەلگىلىك ئورۇنلۇق تەرىپى بار-
لىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىدىن ئۇنىڭ
ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغىلا كۆڭۈل بۆلـىدىغان ئاددىـي
بىر قەلەم ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتـىدە ئادەملەرنـى ۋە
جەمئىيەتنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېـرى-
دىغان، ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى ئـاۋايلاشنى بـىلىدىـغان، «ئۆزىنـى
سورىغان خانىنىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دېگەن ھېكمەتنى ئادىمىلىـك
پەزىلەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىپ، ئۆزىگە ھەم ئۆز-
گىگە مەسئۇلىيەتچان مۇئامىلە قىلىدىغان ياش ئەدىب ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدىم. ئارىمىزدىكى سەممىي دوستلۇق يىللارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ
كەلدى. ئۇنىڭ مەندە قالدۇرغان بىر قاتار ياخشى تەسىرى ئىچى-
دە بولۇپمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۈرنەك بولغۇچـى ئېسىـل
ئادىمىلىك پەزىلىتى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى كۈندىن - كۈن-
گە كۈچەيتىپ باردى. ئۇنىڭمۇ ماڭـا بولغان سـەممىـي ھۆرمىتـى
قانداقتۇر مېنىڭ مەلۇم بىر مەتبۇئاتتا مۇھەررىرلـىك خىزمـىتىنـى
ئىشلىگەنلىكىمنى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئەسـەرلىرىنـى كۆپرەك ئېـلان
قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولماستىن، بەلكـى مەسلەكداش ۋە
قەلبداش بولغانلىقىمىزنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ئاساسىدا ئورنـى-
تىلغان چىن ۋە سەممىي دوستلۇق ئىدى.
تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىلى قازاق ئاپتونـوم

ئوبلاستىنىڭ نىلقا ناھىيەسىدە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. 2010 - يىلى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، يەنى ئۈرۈمچىگە ئائىلە يوقلاشقا كەلگىنىمنىڭ ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئالاھازەل ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت توققۇز يېرىم بولاي، دېگەندە دولقۇن جاپپاردىن تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفوندا قىزغىن ئەھۋاللاشتۇق. قىسقا پاراڭ ئارىلىقىدا، ئۇنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل ۋە ئالدىراش بولۇۋاتقانلىقىنى سورىسام، پاراڭ ئارىلىقىدا، ئەتىدىكى كۈندە چۈشتىن بۇرۇن چىرا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئاچماقچى بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا يېقىندىن ماسلىشىپ، ھەمدەمدە بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا كەچ بولسىمۇ مېنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تېلېفون ئالغانلىقىنى ئېيتتى. ئاڭلاپ ھەم خۇش بولدۇم، ھەم خاپا بولدۇم. خۇش بولۇشۇمدا، چىرىدا دولقۇن جاپپار يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئارا ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى سەمىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭغا ماھىرلىقى بىلەن، بۇ ناھىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى جانلىق تەشكىللەش ئارقىلىق، ئۇلارغا كۆپرەك ئەمەلىي ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھەيدەكچى بولۇۋاتقان ھەمدە بۇ ناھىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئىچىدىكى يۇقىرى ئىناۋىتى ئارقىلىق، چىرا ناھىيەسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىنى قوشۇپ كېلىۋاتقاندى. مەن بۇلارنى تۈرلۈك ئۇچۇرلار ئارقىلىق ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇش بولغانىدىم. چۈنكى، ئەدەبىيات ھاۋاسى بۇرۇندىن باشلاپ ئىنتايىن قويۇق بولۇپ كەلگەچكە، ئەدىبلەرنىڭ سانى ۋە ساپاسى ئىزچىل تۈردە خېلى يۇقىرى بولغان چىرا-

غا نىسبەتەن، يېقىنقى يىللاردا ئەدەبىيات قوشۇنىنى تەشكىللەشكە ماھىر ئەنە شۇنداق بىر ئادەم بەكلا زۆرۈر بولۇپ كەلگەنىدى. يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ناھىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنى ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى باشقا، يېزىقچىلىقتىكى بىر قاتار گەۋدىلىك نەتىجىلىرى بىلەن كۆپنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، شۇڭا چىرا ناھىيەسى تەۋەسىدىلا ئەمەس، ھەتتا خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىمۇ ئۆزىنىڭ بەلگىلىك تەسىرىگە ئىگە ئىدى. دېمەك، مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر ياش ئەدىبنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت-تە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن مۇھاكىمە يى-غىنى ئۆتكۈزۈش، يالغۇز ئۇنىڭلا شەرىپى ھەم خۇشاللىقى بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۇ ناھىيەنىڭ ھەتتا خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئە-دىبلەر قوشۇنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلە-رىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ئىدى. شۇڭا بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى ئادەمنى خۇشال قىلماي قالمايتتى. مەن بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈ-لۈشىدىنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى چىرا ناھىيەسىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ھاۋاسىنىڭ ھەر ۋاقىت قويۇق بولۇشىغا تۈرلۈك ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ ناھىيەنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە بولۇش-ى، يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنى قەدىرلەش ھەم ئۇلارنىڭ ھۆر-مىتىنى قىلىش ئارقىلىق، خىزمەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈ-رۈشنى ئۆزلىرىنىڭ تىگىشلىك بۇرچى، دەپ بىلىدىغان ھەر دەرى-جىلىك ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئۇزۇلۇپ قالمىغىنىدىن تېخىمۇ خۇش بولدۇم. چۈنكى، چىرا ناھىيەسىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ نا-ھىيەنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى بەكلا قەدىرلەپ، ئەدىب-

لەر ۋە سەنئەتكارلار ئۇچۇن كۆپ خىل قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدىغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولىدىغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر خۇددى بىر - بىرى بىلەن دېيىشىپ قويغاندەكلا بۇنداق ئېسىل ئەنئەنىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقاندى.

خاپا بولۇشۇم، بۇنداق خۇش خەۋەردىن كېچىكىپ خەۋەردار بولغىنىمدىن ئىدى. ناۋادا بىر - ئىككى كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق خەۋەردار بولغان بولسام، بۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا مۇناسىپ يوللار ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك ئىزھار قىلغان، خۇشلۇقۇمنى تېگىشلىك يوللار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولاتتىم. ئەمدى...؟ ئارتۇق كايىشىنىڭ ياكى خاپا بولۇشنىڭ قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئۇنداقتا، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دولقۇن جاپپارغا تېلېفوندا ياخشى تىلەكلىرىمنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تېزلا خوشلاشتىم ۋە دەرھال قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ ئوبدان بىرەر چارىنى ئويلاپ چىقىش ئۈچۈن ئىزدەندىم. ئومۇمەن، ھازىرقى شارائىتتا مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە بېغىشلانغان ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلسا ياكى ئۇلارغا تون كىيگۈزۈلسە، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئىقتىسادىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن ئۆز كۆڭلىنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى. ئەمدى چىرا ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇھاكىمە يىغىنى قانداق تەرتىپلەر بىلەن داۋاملىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدا قانداق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ، بۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس ئىدى. دەرھال ئېسىمگە كەلگىنى كۆڭلۈمنى ئەڭ ئاۋۋال بىر دەستە گۈل ئارقىلىق ئىزھار قىلىش بولدى. يوچىتتىن سوۋغاتلىق گۈل يوللانمىسىنى يەتكۈزۈش ئورۇنلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقىلەشتىم. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ جاۋابى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى: ئورۇمچىدىن خوتەنگە پوچىتتىن سوۋغاتلىق گۈل يوللانمىـ

سى ئەۋەتىش ئۈچۈن رەسمىيەتنى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ چوقۇم
بىر كۈن ئاۋۋال بېجىرىش كېرەك ئىكەن. مۇنچىۋىلا كەچتە، يە-
نە كېلىپ بىر ناھىيەدە ئەتە چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدىغان پا-
ئالىيەتكە گۈل ئەۋەتىش ئۈچۈن باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ
ئۈلگۈرگىلى بولمايدىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنە ئويلاشقا
باشلىدىم: كېچىچە ئۇخلىماي، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە قىسقا
بولسىمۇ، بىرەر پارچە ماقالە تەييارلاش كېرەكمۇ ـ يا؟ ... بە-
رى، شۇ تاپتا ماقالە ئۈچۈن تەييارلىقىم ئەتراپلىق ۋە پۇختا ئە-
مەس؛ ئىككىنچى بىرى، ۋاقىت ئىنتايىن قىس — يەنە كېلىپ
ۋاقىت پەقەت بىر كېچىلا؛ شۇڭا بۇنىڭغا مۇمكىن بولماسلىقى ئې-
نىق. كۆڭلۈمنى ئىپادىلەپ پۇل ئەۋەتىش كېرەكمۇ... سوۋغات
جاھازىسى ئەۋەتىش كېرەكمۇ؟... بۇلارنىمۇ تازا مۇۋاپىق بولمى-
غان ئۇسۇللار، دەپ قارىدىم. ئاخىرى قەلب ئىزھارىمنى قىسقا
بىر پارچە تەبرىك خېتى ئارقىلىق يوللىماقچى بولدۇم ـ دە،
دەرھال كىتابخانا ئۆيۈمدىكى كومپيۇتېردا بىر بەتلىك قىلىپ،
مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن تەبرىكنامە تەييارلىدىم ھەمدە بۇنى كىم
ئارقىلىق، قانداق يەتكۈزۈش ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىرى
ئۇستازىم مەھمۇد سىدىق مۇئەللىمگە تېلېفون ئارقىلىق ئېيتىپ بې-
رىشنى، ئاندىن بۇنى مەھمۇد سىدىق مۇئەللىم ئەتە ئەتىگەن مۇ-
ھاكىمە يىغىنىنى تەشكىللىگۈچى ئورۇنلارنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى-
غا يەتكۈزۈپ بېرىشنى مۇۋاپىق بولغىدەك، دەپ قارىدىم ۋە
ئارقىدىنلا يەنە مەھمۇد سىدىق مۇئەللىمگە چىرادىكى گۈل دۇ-
كانلىرىنىڭ بىرەرسىدىن بىر دەستە گۈل ۋە سوۋغاتلىق جاھازا
سېتىۋېلىپ، مېنىڭ نامىمدا دولقۇن جاپپارغا سوۋغا قىلىشنى ھاۋا-
لە قىلدىم ۋە مەھمۇد سىدىق مۇئەللىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي،
بۇ سوۋغاتلىقلارنىڭ چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. شۇنداق
قىلىپ، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە ئاددىي بولسىمۇ بۇ

ئىشلارنى بىجىردىم. بۇ، مېنىڭ ھازىرغىچىلىك تۇنجى قېتىم مەلۇم بىر ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنى تەبرىكلەپ، شەخسىي نامىمدىن گۈل سوۋغا قىلىشىم ئىدى.

دولقۇن جاپپارنىڭ مەزكۇر شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاۋاتقانلىقىدىن خېلى بالدۇرلا خەۋەر تاپقان بولساممۇ، ئەمما خىزمەت ئالدىراشلىقى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەشرگە تاپشۇرىدىغان ئېنىق ۋاقتىنىڭ زادى قاچانلىقىنى سوراشتۇرۇپ كۆرمەپتىمەن. ئەمما پىلانىمدا، توپلام نەشردىن چىققاندىن كېيىن بىرەر يۈز پارچە سېتىۋېلىپ، شېئىرنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان دوست - بۇرادەرلىرىمگە مەن ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان بۇ ياش ئەدىبنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سوۋغا قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئويلىمىغان يەردىن، مەن نىلقا ناھىيەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان كۈنلەردە دولقۇن جاپپار ماڭا تېلېفون بېرىپ، مۇمكىن بولسا ۋاقتىم يەتسە ئۆزىنىڭ نەشرگە تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرغان شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئارگىناللىرىنى كۆرۈپ بېقىشىمنى، قانداق پىكىر - تەكلىپلىرىم بولسا بېرىشىمنى ئۆتۈندى. بۇ، ئەلۋەتتە ماقۇل بولۇشقا تېگىشلىك، شۇنداقلا ۋاقتىم ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ بەجا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان بىر ئۆتۈنۈش ئىدى.

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەزكۇر شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئارگىناللىرى قولۇمغا تەگدى. تولۇق كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئويلىغانلىرىمنى قىسقىچە بولسىمۇ يېزىپ چىقىپ، كىتابخانلار بىلەن ئەركىن - ئازادە مۇڭدىشىپ، مەزكۇر توپلامدىكى شېئىرلار ھەققىدە كۆز قاراشلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ بېقىشنى ئويلىدىم. چۈنكى، مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت يېزىقچىلىقىنى ئەڭ بالدۇر شېئىر يېزىشتىن باشلىغان. مەيلى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە ئىشلەۋاتقان ۋاقتلىرىمدا بولسۇن، ياكى «شىنجاڭ

ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي بەتلەرنى لايىھەلەش ھەم ئەدەبىي ئەسەر-لەرنىڭ كونكرېت تەھرىرلىكىنى قىلىش جەريانىدا، نەسرىي ئە-سەرلەرگە قارىغاندا نەزمىي ئەسەرلەرگە كۆپرەك سەھىپە ۋە ئو-رۇن ئاجرىتىشتا چىڭ تۇرغانىدىم. راستىنى ئېيتسام، بۇ، مېنىڭ شېئىرغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىمنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. گەر-چە ئېلان قىلىشقا باشتىن- ئاخىر سۇس مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن بولساممۇ، ئەمما ھازىرمۇ ئىزچىل شېئىر يېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. گېزىت- ژۇرناللارنىڭ ئەدەبىي بەتلىرىنى ۋە ئەدەبىي ژۇرناللار-نى كۆرگەندە ئەڭ ئاۋۋال شېئىرلارغا كۆز يۈگۈرتىمەن، ياخشى شېئىرلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقىمەن ۋە ئۇلاردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىمەن. ھەتتا بەزى شېئىرلارغا باھا يېزىپ چىقىش ئويىدىمۇ بولىمەن. بىراق، ۋاقتىمنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا زىچ بول-غانلىقى ۋە ئالدىراشلىق ئىچىدە داۋاملىشىۋاتقانلىقى سەۋەبلىك، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بەزى ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىغا ئاتاپ بىر - ئىككى پارچە باھا، ئوبزور يازغان بولساممۇ، ئەمما يازغانلىرىم ئۆزۈمگە تازا ياقمىغاچقا، مەتبۇئاتلارغا بېرىشكە قى-زىقمىدىم. يېقىندا ناھىيەسىدىكى ۋاقتىمدا «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنى-لىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان ئاسىمجان ئوبۇلقاسى-نىڭ «گۆشگىردە» ۋە «ئۇلاغ بازىرى» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرىدىن بەكلا زوقلانغان ۋە بۇ شېئىرلارغا ئاتاپ، دەسلەپكى باھايىمنىمۇ يېزىپ قويغانىدىم. ئەمما بىر - بىرىدىن ئالدىراش ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر سەۋەبىدىن تولۇق پۈتكۈزۈشكە پۇرسەت چى-قىرالماي تۇرۇۋېتىمەن. يېڭى خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى چاغلى-رىمدا، ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇرنىڭ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بىر پارچە شېئىرى ئۈچۈن «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە بىر پارچە ئوبزور يېزىپ ئېلان قىلغان ھەمدە ئاشۇ شېئىر سەۋە-

بىدىن ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي دوستلۇق ئورناتقانىدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمىگەن كىلىۋاتقان ئەسقەر ياسىنىڭ «كەل قەدىردان شاراب ئىچەيلى»، ئەسقەر يۈسۈپنىڭ «ئاق يول بولسۇن ئاق يۈزلۈك نىگار»، تاھىر ھامۇتنىڭ «مەن ئۆلگەندە» ناملىق بىر تۈركۈم ئېسىل شېئىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆڭۈل سۆزلىرىمنى ئىزھار قىلغانىدىم ۋە ئۇلارنىڭ شۇ شېئىرلىرىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئارىمىزدىكى سەمىمىي دوستلۇق رىشتى تېخىمۇ چىڭ باغلانغانىدى. مەن ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمدا ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى خاتىرەمگە كۆچۈرۈپ ساقلىغانىدىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا ۋە كېيىنكى چاغلاردا پەرھات ئىلياسنىڭ، مۇختار بۇغرانىڭ، پەرھات تۇرسۇننىڭ، ئۆمەر مۇھەممەدئىمىننىڭ، ئەكبەر سالىھنىڭ، ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرىنىڭ، قەيسەر تۇرسۇننىڭ ... بىر قىسىم شېئىرلىرى مېنى بەكلا سۆيۈندۈرگەن ۋە ھاياجانلاندۇرغانىدى. دېمەك، مېنىڭ شېئىرغا بولغان مۇھەببىتىم ئەنە شۇنداق باشلىنىپ، ئەنە شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن مۇھەببەتتۇر.

مەن بۇ قېتىم دولقۇن جاپپارنىڭ «يىللار سىرى» ناملىق ئۇشبۇ شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۇنىڭدىكى «دۇنيا ــ ئانا»، «كەمتۈك تەرجىمىھال»، «سالام دادا»، «يىراقتىكى قىز»، «تېلېفون تېنى»، «كەلگۈسىنى ئۇردى بىر ئايال»، «جەنۇبتىكى ناھىيە بازىرى»، «سالام دولقۇن»، «بىر ئايال ۋە ئاتمىش نەچچە ئەر»، «يوق بەلكى شېئىردەك بۈيۈك مۇزىكا»، «سەن مېھرىبان ئۇستازسەن ماڭا»، «خېنىم»، «ئوتتۇز بەش ياشلىق باللار بايرىمى»، «چوڭ ئۆي»، «ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا»، «سالام سىزگە مېھرد-

بان» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدىن تازا زوقلاندىم ۋە بۇ
شېئىرلارنى قايتا- قايتا ئوقۇدۇم. بۇ شېئىرلاردىكى ئاپتورنىڭ
قەلبىدىكى سەممىي ھېسسىياتنىڭ ئېغىز تىلىغا ناھايىتى يېقىن بول-
غان ھەقىقىي شېئىرىي تىللار بىلەن تازا ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ ئىپا-
دىلىنىشىنى دولقۇن جاپپارنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىكى مۇھىم
بىر ئۆزگىچىلىك، دەپ قارىدىم. بۇ ئۆزگىچىلىك ئۇنىڭ شېئىرلى-
رىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. «سە-
ھەرىدە سەھرانىڭ تۈمەن ـ تۈمەن شېئىر بار» ناملىق شېئىرنى
ئوقۇۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا بالىلىق ۋاقتلىرىمنىڭ قەلبىمدە
قالدۇرغان ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم.
خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكست تۈسىنى ئالغان «تەك ئاستىدا ئاق
قۇشقاچ ناخشا باشلار چۇرۇقلاپ»، «تال چىۋىقتا چاچ ياساپ
‹تويلىشىدۇ› سەبىيلەر»، «دېھقان قىزى سۇ سېپىپ ھويلىسىغا
چىقسا گەر، شاخلار ئارا تۈمۈچۈق باغرىنى مۇجۇپ مارايدۇ»،
«جەننەت دېسەم سەھرانى كەتمەس قىلچە زىيادە، سەھەرىدە
قۇلاق سال تۈمەن ـ تۈمەن شېئىرلار» دېگەن بۇ مىسرالاردا يا
مۇبالىغە يوق، ياكى سۈنئىيلىك يوق. ئۇلاردا بالىلىق ئەسلىمىلى-
رىمىزنى ئۆزىگە يادنامە قىلىپ ساقلىۋالغان سەھرانىڭ سەھەرادا
ئۆسۈپ چوڭ بولغان مەن ياشلىق كىتابخانلار ئۈچۈن تولىمۇ
گۈزەل تۇيۇلىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلىرى كۆز ئالدىمىزدا
گويا كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى نامايان بو-
لىدۇ. مىسرالاردىن ئېغىز تىلىغا يېقىن بولغان، ئادەمگە ئۆزگىچە
بىر خىل تىل يېقىنچىلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان مەنىۋى كەيپىياتنى
سەزگىلى بولىدۇ. بۇ كەيپىياتنى «كۈزۈك» ناملىق شېئىرىدىمۇ
ئېنىق ھېس قىلىش تەس ئەمەس. بۇ شېئىردا شائىر بىز ئادەتتە
كۆرۈپ تۇرغان بىر قىسىم شېئىرلاردىكىگە ئوخشاش قانداقتۇر
كۆزنى ھەر خىل ھالەتتە تەسۋىرلىمىگەن، بەلكى كۆزنىڭ سېھرىنى

ناھايىتى جانلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق سۈرەتلىگەن. كۆزنى «ئېزىتقۇ، چەشمە، مۇھەببەتنىڭ ئىچىتقۇسى، چوغ، قۇياش، باھار» قاتارلىقلارغا ئوخشىتىش ئارقىلىق، شائىرنىڭ قەلبىگە مۇھەببەت تۇيغۇسىنى تەقدىم قىلغان بىر قىزنىڭ جەلپكارانە ھالىتىنى تازا جايىدا تەسۋىرلىگەن. شائىر بۇ شېئىردا ھەرگىزمۇ قىزنى سەن ئۇنداق چىرايلىقسەن، مۇنداق چىرايلىقسەن، دەپ ماختاپ مەدھىيەلىمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ كۆزىنىلا تەسۋىرلەش ئارقىلىق بولدى قىلىدۇ. شېئىرىي مۇھىتنى ئېغىز تىلىغا يېقىن بولغان، خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىگە ياندىشقان سۈزۈك ۋە ساپ شېئىرىي تۇيغۇغا ئىگە مىسرالارنىڭ ياردىمىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۆز نۆۋىتىدە شائىرنىڭ ھەم شېئىرىي تۇيغۇغا، ھەم شېئىرىي تىلغا ناھايىتى باي بولغان بىر قەلەم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دولقۇن جاپپارنىڭ شېئىرلىرىدا مۇھەببەت باشتىن - ئاخىر خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ بىرى، كىتابخانلارغا شېئىرنىڭ ئەسلىدىنلا مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ نازۇك ۋە سىرلىق تۇيغۇنى ئىپادىلەشتە ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ مۇۋاپىق ۋاستە ئىكەنلىكىنى جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرسە؛ يەنە بىرى، شائىرنىڭ ياشلىقنىڭ گۈزەل ھېس- تۇيغۇلارغا تويۇنغان ساپ قەلبىنى شېئىرىي تىللار ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. «گەر چاقچاق بولسا...» پەقەت ئىككى كۇپلېتلىقلا شېئىر بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى كۇپلېتتىكى سەككىز مىسرادا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ مۇھەببەت سەپىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن يۇقىرى پەللىگە يېتىشى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بايان قىلىنغان. «رومالىڭنى قايرىۋەت جانان» ناملىق شېئىردا ئاپتورنىڭ غايىسىدە ھاياتلىققا ۋە مەۋجۇداتقا خۇشاللىق ئاتا قىلغۇچى بىر قىزنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. «چۈش» ناملىق شېئىردىكى مۇھەببەت بەكلا تاتلىق بولۇپ، «مەن»نىڭ سۆيگەن قىزى ھەببە ئۈچۈن ئوت بولۇپ

يېنىۋاتقان قەلبى تولۇق ئىزھار قىلىنغان.

دولقۇن جاپپار مېنىڭچە، شېئىردا ئانا ئوبرازىنى مۇكەممەل ھالەتتە يارىتىشتا ئىزچىل تۈردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزدىنىۋاتقان شائىر. ئۇنىڭ ئانىدىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ بۇ مۇقەددەس بەرپاچىسى ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەلەيدۇ. «دۇنيا — ئانا» ناملىق شېئىرنى ئۇنىڭ ھەم ئانىسىغا بېغىشلانغان ھەم بارلىق ئانىلارغا بېغىشلانغان نادىر شېئىر، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ شېئىردا ئانىنىڭ ئوبرازى قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن باشلىنىپ، پاتقۇچە بولغان بىر پۈتۈن جەريانىغا مۇكەممەل سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئانىنىڭ كۆز نۇرى قۇياشقا، تومۇرىدىكى قان شاۋقۇنلىنىپ ئاققان دەريا سۈيىگە، تاڭ سەھەردە ئوچاق بېشىدا ئەتىگەنلىك ناشتىلىقنى تەييارلاۋېتىپ بىخەستەلىكتىن كۆيدۈرۈۋالغان قولى ئۇپۇققا، ئانا ھەر يەكشەنبىدە نان ياققان ۋاقىتتا، تونۇردىن چۈشۈپ كەتكەن نان شەپەققە، سەبىيلەر ئالدىدىكى دەرس مۇنبىرىدە تۇرغان مېھرىبان ۋە مەغرۇر قامىتىگە خويمۇ ياراشقان ياغلىقى كېچىگە، شائىر ئۈچۈن سۈرگەن تاتلىق ۋە گۈزەل خىياللىرى گۈگۈم قوينىدىكى ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىغا ئوخشىتىلىدۇ. مەن دولقۇن جاپپارنىڭ بۇ شېئىرىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇپ بەكلا سۆيۈندۈم. چۈنكى، مەنمۇ ئانا ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىشنى ئىزچىل تاشلىماي كېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، بۇ شېئىردىكى مەنىۋى كەيپىياتتىن، بولۇپمۇ دولقۇن جاپپارنىڭ ئانا ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن قوللانغان كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدىن سۆيۈنمەي تۇرالمىدىم. مېنىڭچە، بۇ شېئىرنى شائىرنىڭ ئەڭ نادىر شېئىرلىرىدىن يەنە بىرى، دېيىشكە بولىدۇ. «ئانامغا سالام» ناملىق شېئىردىكى ئانا ئوبرازىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىتابخاننىڭ قەلبىدىمۇ ئاجايىپ مۇقەددەس بىر ھالەتتە زاھىر بولىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر

مىسراسىدىن ئانىنىڭ شائىرنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ يۈكسەك ئوبرازى-
نى مۇكەممەل ھالەتتە بايقايمىز. «نۇر ئوغرىسى» ناملىق شېئىر-
مۇ دەل ئانا ئۈچۈن بېغىشلانغان ئېسىل شېئىرلارنىڭ بىرى بو-
لۇپ، شائىر ئانىنىڭ كۆز نۇرىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى «قۇياش نۇرى-
نىڭ شۇنچىۋالا پارلاق ۋە مۇقەددەس بولۇشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
ئانىنىڭ كۆز نۇرىدىن ئوغرىلىۋېلىنغانلىقىدىندۇر» دېگەن مەز-
مۇندىكى شېئىرىي بايانلار ئارقىلىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن
تەسۋىرلەپ، كىتابخانلار قەلبىنى ھاياجانغا سالغان. بۇ شېئىردا
ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى ھېچكىممۇ مۇبالىغە، دەپ ئويلاش ئۇياق-
تا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، شائىر يازغان بۇ «تا-
رىخ»نىڭ ھەقىقىي چىنلىقىغا چىنپۈتمەي قالمايدۇ.

رېئاللىقنى شېئىرىي تۇيغۇلارغا باي بولغان سۈرەتلىك كۆ-
رۈنۈشلەر شەكلىدە تەسۋىرلەش دولقۇن جاپپار شېئىرلىرىنىڭ يە-
نە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا
ئىشلىتىلگەن تىل ئېغىز تىلىغا يېقىن بولۇپلا قالماي، شېئىرىي
تەسۋىرمۇ تۇرمۇشقا بەكلا يېقىن. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئالىي مەكتەپ
تۇرمۇشىنى شۇ قەدەر تەسىرلىك تەسۋىرلىگەن «مەكتەپداشلار-
غا...»، «سالام دوستلار»، «سەككىزلىك لىرىكىسى»، «ئىستۇ-
دېنتلارنىڭ ئاخىرىقى دەملىرى» ناملىق شېئىرلىرىغا قارىساق، بۇ
شېئىرلاردا ئىستۇدېنتلارنىڭ ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ سۈرەتلى-
نىشىنى گويا بىر پارچە سىنئالغۇ لېنتىسىنىڭ ئۆزى، دېيىشكە بولى-
دۇ. ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ھەر قانداق بىر
ئادەم بۇ شېئىرلاردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىش بىلەن بىرگە، ئالىي
مەكتەپ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنىڭ ئىچىگە غەرق
بولماي تۇرالمايدۇ.

«بالنىستىكى كۈتۈش» — دولقۇن جاپپارنىڭ شېئىرلىرى
ئىچىدە ئادەمنى ئۆزگىچە بىر خىل شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە

باشلاپ باردىغان يەنە بىر ئېسىل شېئىر. مەن بۇ شېئىردىكى مە-نىۋي كەيپىياتتىن بەكلا زوقلاندىم. مېنىڭچە، دولقۇن جاپپار ئا-نىغا بولغان مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشتە ھەر قانداق شەكىلدىكى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشنىڭ ئالدىغا قويىدىغان شائىر. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئانا ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلار كۆپ سالماقنى ئىگە-لەيدۇ. ئەمدى بۇ شېئىرغا قاراپ باقساق، ئۇنىڭدىن مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى بولغان قىز - يىگىتلەر مۇھەببىتىنى باي-قايمىز. شائىر بۇ مۇھەببەتنى ئانا مۇھەببىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. بۇنداق بايان قىلىش كىشىگە چىنلىق ۋە سەممىي-لىك بىلەن بىرلەشكەن چىن مۇھەببەتنىڭ لىرىك تۇيغۇلار ئىچىدى-كى يۇقىرى ھالىتىنى تەقدىم قىلىدۇ. بۇمۇ دولقۇن جاپپارنىڭ شې-ئىرلىرىدىكى بىر ئۆزگىچىلىك.

شەھەر بىلەن سەھرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ باغلىنىشنى ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن بولغان ھېسسىيات جەھەتتىكى باغلە-نىشقا ۋە روھىي ئىنتىلىشكە بىرلەشتۈرۈپ يورۇتۇش — دولقۇن جاپپار شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك. ئۇ شېئىرلىرىدا سەھرا تۇرمۇشى تېمىسى بىلەن شەھەر تۇرمۇشى تېمىسىغىمۇ دىق-قىتىنى خېلى كۆپ ئاغدۇرغان. شەھەرلىششنىڭ ئادەملەرنىڭ رو-ھىي ھالىتىگە ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك تەسىرىنى ئورۇن ۋە بوشلۇق نوقتىسىدىن شېئىرىي خەت شەكلىدە تەھلىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئادىمىيلىكنىڭ تاۋلىنىش ئاساسىنى ئادەمنى قايىل قىلغۇ-دەك دەرىجىدە بايان قىلىپ بەرگەن. «ئاشۇ سەھرا»دىكى كۆچ-لۈك يېتىرقاش تۇيغۇلىرىغا تولغان گىرىمسەن مۇھەببەت، «تاتلىق ئۈمىد»تىكى مۇھەببەتلىك كۆتۈش، «شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار» ۋە «سالام مۇئەللىم»نىڭ مىسرا - مىسرالىرىغا يۇغۇرۇلۇپ كەت-كەن يىراق - يىراقلاردىكى سەھرا مەكتەپلىرىنىڭ ھەققىي كارتى-

ىنسى، «مېنىڭ دادام»دا تەسۋىرلەنگەن يىراق سەھرا مەكتەپلە-
رىدىكى جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوبرازى، «سالام ئۇرۇمە-
چى»دىكى شەھەر بىلەن سەھرانىڭ شائىر قەلبىدىكى ئەكسى،
«يەر ئاستى سودا شەھەرچىسى»دىكى يېڭىلىق ۋە ناتونۇشلۇققا
تولغان شەھەرنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر
كارتىنىسى، «ئۈرۈمچىنىڭ يېڭى تەسۋىرى»دىكى شائىرنىڭ نەزە-
رىدىكى شەھەر تۇرمۇشى، «بۇ يەردىكى دوستۇمغا»دىكى شەھەر
مەدەنىيىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ياشاش ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئېلىپ
كەلگەن تۈرلۈك سىناق ۋە تەسىرى قاتارلىقلار بىزنى نۇرغۇن
ئىشلار ئۈستىدە ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

شېئىرغا ھېكايە تۈسىنى بېرىش دولقۇن جاپپار شېئىر ئىجا-
دىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك. بۇنداق ئالاھىدىلىكنى بىز ئا-
دەتتە باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىنمۇ ئانچە - مۇنچە ئۇچرى-
تىپ تۇرىمىز. ئەمما دولقۇن جاپپار ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكلەرنى
ئۆزىدە ھازىرلىغان. بەزى شېئىرلارغا قانداقتۇر مەقسەتلىك ھالدا
ھېكايە تۈسىنى بېرىشكە كۆچمەي، بەلكى شۇ شېئىرنى ئۆزىنىڭ
تەبىئىيلىكىگە، يەنى تەبىئىي ھالدىكى ھېكايە خاراكتېرىنى ئېلىشىغا
قويۇپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق تەبىئىيلىك كىتابخانلارنى ھەم
شېئىردىكى قويۇق ھېكايە تۈسىنى بايقاشقا، ھەم ئۇنىڭدىن ئادەم
بىزار بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە زوقلىنىشقا ئۈندەيدۇ.
«دېكابىردا تويى بولدى بىر قىزنىڭ»نى ئوقۇغان كىتابخان گويا
ناھايىتى تەسىرلىك بىر ھېكايىنى ئوقۇغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ.
ئەمما ئۇ «ھېكايە» پەقەت بىر نەچچە كۇپلېت بىلەنلا ئاخىرلاش-
قان بولىدۇ. بۇ شېئىردا بايان قىلىنغىنى سەھرادىكى بىر جۈپ
قىز - يىگىتنىڭ ئايىغى چىقمىغان مۇھەببىتى ۋە قىزنىڭ كۆز ياش-
قا تولغان نىكاھ تۇرمۇشى. شائىر بۇ شېئىردا تەسۋىرلىگەن مۇ-
ھەببەت تىراگېدىيەسىنى قىش پەسلىدە تويى بولغان قىزنىڭ مۇ-

رەككەپ روھىي ھالىتى بىلەن يىگىتنىڭ ئاچچىق تىراگېدىيەلىك روھىي ھالىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كىتابخانغا شېئىر بىلەن ھېكايىنىڭ بىرلەشكەندىكى ئۆزگىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالىتىنى تەقدىم قىلغان. قىزنىڭ تويىنىڭ 12 ـ ئايدا بولغانلىقىدىن ئىبارەت قىش پەسلىدىكى بۇ ۋاقىت ئارقىلىق، بۇ شېئىردىكى شېئىرىي كەيپىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى بىر بالداققا كۆتۈرگەن. بۇ شېئىردا قىز بىلەن يىگىتنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى بىۋاستە يېزىلماي، بەلكى كۆز ياش، چىغىر يول، يالپۇز، جىگدىلىك، موخۇركا، ئۇپۇق، چاقماق ئاستىدىكى تاغ چوققىسى قاتارلىق كونكرېت ئوبيېكتلار ئارقىلىق، قىزنىڭ ئازابلىق مۇھەببەت تىراگېدىيەسى سۈرەتلىنىدۇ. ھەتتا «موخوركىغا يانپاشلىدى بىر يۈرەك» دېگەن ئۆزگىچە جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان مىسرالار ئارقىلىق، مۇھەببەت تىراگېدىيەسىدىن قەلبى ئاچچىق ئۆرتەنگەن يىگىتنىڭ ئازابلىق ھەسرىتى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىنىدۇ. ناۋادا بۇ شېئىرنى ھېكايىگە ئۆزگەرتسەك، كىتابخانلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلىگۈدەك دەرىجىدە ئوبدانلا بىر پارچە ھېكايىنى قۇراشتۇرۇپ چىقالايمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ھېكايە ھەجىم جەھەتتىن بىر نەچچە بەتلىك ھېكايە بولىدۇ. لېكىن تۆت كۇبلىتلىق بۇ شېئىرغا بىر پۈتۈن ھېكايىغا سىڭگەن ۋەقەلىك تولۇق سىڭگەن. بۇ شېئىرغا سىڭگەن ۋەقەلىكنى شېئىرنىڭ داستان شەكلى ئارقىلىق يېزىپ چىققىلىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇ داستان تۆت كۇپلېت بىلەنلا ئاخىرلاشماستىن، بەلكى بىر نەچچە تۆت كۇپلېت بىلەن پۈتىدۇ. دېمەك، ئۆزىدىكى نۇرغۇن مەزمۇننى ئەنە شۇ قىسقىغىنە تۆت كۇپلېتقا سىڭدۇرگىنىنىڭ ئۆزىنى يالغۇز بۇ شېئىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىلا ئەمەس، بەلكى دولقۇن جاپپارنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىزدىنىش مۇساپىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنى دەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئەمەسكى، دولقۇن

جاپپارنىڭ كۆپ قىسىم شېئىرلىرى تۆت كۇپلېت بىلەنلا تاماملىنىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئۈستىدە ئىزدەنگىنى، ئەلۋەتتە. «كەمتۈك تەرجىمھال» ناملىق شېئىرمۇ شائىرنىڭ نەزىرىگە ئېلىنغان رېئال تۇرمۇشنىڭ خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىنىشى بولۇپ، بىز بۇ تەسۋىرلەردىن «مەن» يۇزلەنگەن تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ئاچچىق خورسىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزىرىمىزدە دىققەت قىلماي تۇرالمايمىز. بۇ شېئىرغا سىڭگەن ھېكايىمۇ «مەن»نىڭ تەرجىمھالى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. شائىر «سالام دادا»دا دادىسىنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، يېزىلاردىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنى بىزگە ھېكايە قىلىپ بەرگەن. «سالام دولقۇن»، «كەلگۈسىنى ئۇردى بىر ئايال» ناملىق شېئىرلاردىمۇ يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ ئىزنالىرى ناھايىتى روشەن تېپىلىدۇ.


تۇرمۇشتىكى بىنورمال ئىشلار ئاچچىق كىنايە قىلىنغان «يىللىق باھالاش يىغىنى»؛ ئەركەكلەردىكى ئۆزگىرىۋاتقان ئەرلىك تەبىئىتىنىڭ ئاچچىق نالىسى ۋە كۈچلۈك باياناتى بولغان «خېنىم»؛ شائىرنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت، ئەر - خوتۇن ۋە بەختىيار ئائىلىنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەنگەن «ئايالىم ئۈچۈن يېزىلغان تۇنجى شېئىر»، «جۇشقۇنجاننىڭ بايرىمى»؛ بالىلىقنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ۋە گۈزەل ئەسلىمىلىرىگە بېغىشلانغان «ئوتتۇز بەش ياشلىق بالىلار بايرىمى»؛ ئائىلىگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ شائىر قەلبىدىكى ناھايىتى ياخشى ئىزھار قىلىنىشى ھېسابلانغان «چوڭ ئۆي»؛ دادىغا بولغان چىن مۇھەببەتنىڭ ۋە سەممىي ھۆرمەتنىڭ ئىزھارى بولغان «ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا» قاتارلىق شېئىرلارنىڭ ھەر بىرىدىن كىتابخانلار ئۆزگىچە بەدىئىي زوق ئالالايدۇ. «سالام سىزگە مېھرىبان»، «قالتىس ئۈستى كىشى بېشى

كىرىمى»، «چىرا كۆچتى مەھەللىمىزگە» قاتارلىق شېئىرلاردىن شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىنى بايقاش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ شېئىر-لىرىدىكى ئوخشىتىشلار شۇنچىۋالا يۇقىرى ماھارەتتە ئىپادىلەنگەن «ئاتمىش ئالتىگە كىرىپ بۇ مەھەللە، ئوخلاپ قالدى ئانامغا ئوخشاش»، «جېنىم بىلەن ئۇزىغان ئانا» ھەمدە «ئەتىر ئىدى تۇرغان تۇرقىڭىز، داڭلىق ئەتىر ئىشلەتمەيتتىڭىز. گۈل ئۈنەتتى ھەر قەدىمىڭىزدىن، ئاڭا ھىدنى سىز بېرەتتىڭىز» دېگەن مىسرالارنى قانداق يېزىپ چىققانلىقىغا ھەيرانمەن. بۇ مىسرالار شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە شۇنچىلىك تارتىملىق بولۇپ، ھەر بىر مىسرادىن ھەقىقىي شېئىرىي گۈزەللىك بالقىپ تۇرىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككىلىك سۆزۈم شۇكى: «يىللار سىرى» ناملىق داستان دولقۇن جاپپار شېئىرلىرى ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان شېئىرلاردىندۇر. مەن دولقۇن جاپپارنىڭ «يىللار سىرى» ناملىق داستاننى قانداقراق بىر روھىي ھالەت ئىچىدە ئولتۇرۇپ يازغىنىنى قىياس قىلىپ باقتىم. ھەتتا ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم مىسرالارنى گويا مەن يېزىۋاتقاندەك تۇيغۇدىمۇ بولدۇم. بۇ داستاننى ئوقۇۋېتىپ، بىر نەچچە قېتىم كۆڭلۈم بۇزۇلدى، يۈرىكىمدە شائىر بىلەن تەڭ ياش تۆكتۈم ۋە ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتەندىم. دولقۇن جاپپار ناۋادا ئۆز ـ ئۆزىگە چىن ۋە سەممىي مۇئامىلە قىلمىغان، يۈرىكىنى شېئىرغا ۋە شېئىرنى يۈرىكىگە ئايلاندۇرمىغان بولسا، بەلكىم بۇ شېئىرنى بىز كۆرۈۋاتقان ھالەتتىكىدەك شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالمىغان بولاتتى. مېنىڭچە، شېئىرنى شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا يازماي، بەلكى شېئىرنىڭ ھارارىتىنى ئۇنى ئوقۇغانلارغا ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن يازالىغان ئادەم ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك شېئىرلارنى يېزىپ چىقالايدۇ. قارىغاندا، شائىرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ھەقىقىي سادىق بولۇشى ــ بۇنداق سادىقلىق شائىرنىڭ ئۆز يۇ-

رىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەكتىدىن ئۇرغۇپ چىققان پاك ھەم بىغۇبار
ھېسسىياتىغا بولغان سادىقلىق، ئەلۋەتتە، شېئىرنىڭ ھارارىتىنى
كىتابخانلارغا يۈرىكى ئارقىلىق ھېس قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈك-
كەنلىكىنىڭ ئۆزىنى نادىر شېئىرلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ئەڭ
مۇھىم ئامىللاردىن، دەپ قارىساق خاتالاشمىغۇدەكمىز.

2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى. ئۈرۈمچى، كېچە



# مۇندەرىجە


سۆيگۈلەر سۇلتانى ۋەتەن سۆيگۈسى ........................ 1

ئانامغا سالام! ........................................ 2

سەھەردە سەھرانىڭ تۈمەن - تۈمەن شېئىر بار .............. 3

كۆزۈك ................................................ 5

ئەڭ ياخشىسى تاللىسۇن مېنى ............................ 6

گەر چاقچاق بولسا ..................................... 7

بىخلانماقتا بىر نوتا .................................. 8

كەچمىش جىلۋىسى ...................................... 9

يىراق كەنت خاتىرىسى .................................. 10

شەھەردىكى ئۆي ....................................... 12

كەنتتىكى كىچىك كۆل .................................. 13

مامات لىرىكىسى ...................................... 14

دۇنيا ـــ ئانا ....................................... 15

نۇر ئوغرىسى ......................................... 16

سەكراتتىكى مەنە ..................................... 17

نېمانچە ئورمانغا چۆككەن شەھەر بۇ ..................... 18

قىزلار ............................................... 19

بىر جۈپ سايە ........................................ 20

سەھەر لىرىكىسى ...................................... 21

يەنە سەھەر لىرىكىسى .................................. 22

سوراق بولۇپ ......................................... 23

خەير - خوش .......................................... 24

روماللىنى قايرىۋەت جانان ........................ 25
مەكتەپداشلارغا ........................ 27
نىچۇن شۇ مىنۇتنى ئۇنۇتمىقىم تەس ........................ 29
يەككە ـ يەككە سۈرەتلەر ........................ 30
ئارخىپلانغان كەنت ........................ 34
يىغلانمىغان يىغا ........................ 36
بالىنىستىكى كۈتۈش ........................ 37
ئون توققۇز يېشىمغا ........................ 39
يىراق شەھەردىكى قىز ........................ 41
يول شەجەرىسى ........................ 43
سالام دوستلار ........................ 45
سەككىزلىك لىرىكىسى ........................ 47
ئاشۇ سەھرا ........................ 49
...؟ ........................ 50
سەن كەتتىڭ ........................ 51
ئانامغا تەسەللى ........................ 52
بەخت تىلەش ........................ 54
تاتلىق ئۈمىد ........................ 55
شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ........................ 57
دېكابىردا تويى بولدى بىر قىزنىڭ ........................ 59
سالام دۈشەنبە ........................ 60
كېچىدە ئايالىنى ساقلاش ........................ 61
سەھرادىكى تېلىفونىست قىز ........................ 62
بىرسى بار ماڭا تالىق بۇ شەھەردە ........................ 64
بولماس نىچۈن بىللە ماڭغىلى؟ ........................ 66
دەرد لىرىكىسى ........................ 67

مېنىڭ دادام ........................ 68
مارت ئېيىنىڭ يىگىرمە بىرى ........................ 69
سالام، ئۇرۇمچى ........................ 71
يەر ئاستى سودا شەھەرچىسى ........................ 73
پويىز ........................ 74
چۈش خەنجىرى ........................ 75
ئىستۇدېنتلارنىڭ ئاخىرقى دەملىرى ........................ 76
كەمتۈك تەرجىمىھال ........................ 78
ئۇيغۇر قىزى ........................ 80
كۆكلەم شەرھى ........................ 82
سالام، مۇئەللىم ........................ 84
سالام، دادا ........................ 86
بۇ يەردە ........................ 88
تويۇڭ بولغان كۈن ........................ 89
يىراقتىكى قىز ........................ 91
سالام ساگا، دېھقان بالىسى ........................ 92
ئەتە شەنبە ........................ 94
سۆيۈش ........................ 96
يۇرتۇم ........................ 97
مەرھابا نورۇز ........................ 98
ئاشكارىلاش ........................ 99
قىز تۇغۇلدى ........................ 100
تېلېفون تېنى ........................ 101
بوستان تۇغۇندىلىرى..... (سېكىل) ........................ 102
غېرىبلىق قەلبىمنى باسماقتا لەپ ـ لەپ ........................ 106
قەيەرگە يوقالدى چىرايلىق قىزلار؟ ........................ 107

# سۆيگۈلەر سۇلتانى ۋەتەن سۆيگۈسى

تۇغۇلدۇم كۆز ئاچتىم ئۇشبۇ دۇنياغا،
قۇياشنىڭ نۇرىنى ئەمدىم، تويمىدىم.
ياشىدىم ئۈمىدلىك تەكرار ئارماندا،
چوققىغا ياماشتىم زىنھار قورقمىدىم.

قالدى كۆپ پەسلەردە تۇنجى ئىزلىرىم،
ئەل ماڭا كۈچ بەردى، ۋەتىنىم ئوزۇق.
ئەتىگە — پەللىگە ئاغدى كۆزلىرىم،
ئىرادەم ئۈمىدتىن بىخ سۈردى تولۇق.

ئىھ، ۋەتەن قوينىدا تاپتىم بەخت - قۇت،
ئىشقىدا جانۇ تەن ئەبەد كۆيگۈسى.
ھەقىقەت يەكۈنلەپ بەرگەن ھېكمەت بۇ —
سۆيگۈلەر سۇلتانى ۋەتەن سۆيگۈسى.

1990 - يىلى، شىخەنزە

## ئانامغا سالام!

ئاھ، ئىشىك تۈۋىدە قالغانتىڭ ئانا —
چىققاندا مەن شۇچاغ يىراق سەپەرگە.
ئاداققى خوش دېگەن سۆزۈم بىلەن تەڭ —
دېڭىزلار چايقالغان كىرپىكلىرىڭدە.

تىترىگەن يۈرىكىڭ يانار تاغ كەبى،
قوللىرىڭ دۇئاغا يۈگۈرگەن تەكرار.
جان ئانا سەن شۇتاپ چۈشۈمدە بىللە،
رىۋايەت سۆزلەيسەن كېچىلەر ھارماي.

ھەر سۆزۈڭ مەن ئۈچۈن مۇقەددەس ئايەت،
ئېسىمدە ئۈمىدىڭ، تىلىكىڭ تولۇق.
جان ئانا سالامىم ئۇچتى سەن تامان،
سەن ۋەتەن، سەن قۇياش تەڭداشسىز ئۇلۇغ.

1991 ـ يىلى، شىخەنزە

# سەھەردە سەھەرانىڭ تۈمەن ـ تۈمەن شېئىر بار

سۈزۈلسە تاڭ سۈبھىدەم ياستۇقىدىن باش ئېلىپ —
ئۇچار ھېسلار كۆك تامان ئۇيۇق سۆيۈپ پەر قېقىپ.
بۈك ـ باراقسان ئورماننىڭ چۈشلىرىنى قىلىچلاپ —
دولقۇنلىنار كۆك دېڭىز زەر سامانى لەيلىتىپ.

گۈلگۈن ۋادا، گۈل ۋادا نۇر ئىچىدە سىلكىنەر،
ھاياجىنىم شۇ سەھەر قىن ـ قىنىغا پاتمايدۇ.
ئېتىز ـ قىردا شاد ناخشا، سالام ـ سەھەت، كۈلكىلەر،
تىنچ دېمەڭ سايلارنى، سايمۇ تىنچ ياتمايدۇ.

مەيىن شامال ئۇرىدۇ دىماقلارغا ئەنبەرنى،
تەك ئاستىدا ئاق قۇشقاچ ناخشا باشلار چۇرۇقلاپ.
كۆل بېشىدا بىر يىگىت سۇغا ساقلار دىلبەرنى —
جىمى ئىشقا ئۈندەيدۇ قۇياش كۈلۈپ، پارقىراپ.

تال چىۋىقتا چاچ ياساپ «تويلىشىدۇ» سەبىيلەر،
يۇرەكلەرگە بىر سېزىم ئاستاغىنە تارايدۇ.
دېھقان قىزى سۇ سېپىپ ھويلىسىغا چىقسا گەر —
شاخلار ئارا تۇمۇچۇق باغرىنى مۇجۇپ مارايدۇ.

سېخىي ئۆزى، گۈل ئۆزى سەھرا شۇنچە ئازادە،
ئادەملىرى بىغۇبار، سادىدا (كىمدە كىبىر بار؟).

جەننەت دىسەم سەھرانى كەتمەس قىلچە زىيادە،
سەھرىدە قولاق سال تۈمەن ـ تۈمەن شېئىرلار.

1992 ـ يىلى، شىخەنزە



# كۆزۈك

كۆزۈك مېنى ئېزىقتۇرغان ئېزىتقۇ،
كۆزۈك قېنىم چايقىغۇچى لىپىتقۇ.
كۆزۈك مېنى سەۋدا قىلغان چەشمىدۇر،
كۆزۈك ئەسلى مۇھەببەتكە ئېچىتقۇ.

كۆزۈك چوغدىن يارالغانمۇ بىلمىدىم،
كۆزۈك بەرگەن هارارەتتە ئىللىدىم.
كۆزۈك ئەسلى قۇياشتىن نۇر ئەمگەنمۇ،
كۆزۈك بىرلە تەڭداش كۆزنى كۆرمىدىم.

كۆزۈك باهار ئېلىپ كەلدى تېنىمگە،
كۆزۈك كۆلكە بەخش ئەتتى كۆڭۈلگە.
كۆزۈك نىچۇن شۇنچە ئىللىق، جازىبدار،
كۆزۈك يېڭى مەزمۇن قوشتى كۆڭۈلگە.

1991 ـ يىلى، شىخەنزە

# ئەڭ ياخشىسى تاللىسۇن مېنى

سىناقلاردا تاللىدىم سېنى،
ئارزۇيۇمغا بولدۇم يەتكەندەك.
تاتلىق خىيال، ئارمانلار قېنى؟
رەنجىشلەردىن بولدۇق يىتكەندەك.

ئاھ، تۇنجى رەت سۆيگەن دىلبىرىم —
خوش دېمەستىن كەتتىڭ يىراقلاپ.
تاللاشلاردىن تالجىقتى ۋاقىت،
سىيرىلمەن كۈنلەرگە قاراپ.

بولدى ئەمدى يۈرمەيمەن «ئېزىپ»،
تاللىمايمەن ئەڭ ياخشىسىنى.
ئۈمىد بىلەن ياشايمەن مەغرۇر،
ئەڭ ياخشىسى تاللىسۇن مېنى.

1990 ــ يىلى، شىخەنزە

# گەر چاقچاق بولسا...

«سوغۇق سۇمۇ كۆيدۈرىدۇ» دەپ —
ئاڭلىغاندا كۈلگەن ئىدىم بەك.
قار ئاتقانلىڭ ماڭا ئەي گۈزەل —
توڭلاش نېمە تەرلىدىم ئەجەب.

«چاقچاق» دېدىڭ قىلىقلىرىڭنى،
ئىشەنمىدىڭ قەلبىمگە تۈگەل.
چاقچاق بولسا يېقىلاتتىڭمۇ —
ئاھ، تېيىلىپ قۇچىقىمغا دەل.

1991 ـ يىلى، شىخەنزە



# بىخلانماقتا بىر نوتا

سۆيۈپ قانماي بارخان لېۋىنى،
تەلۋە شامال كېلىدۇ مەغرۇر.
يۇلغۇنلارغا تىكىپ كۆزىنى،
قېرى توغراق توزۇيدۇ پۇر - پۇر.

ئارمانلىرى يىتكەن بۇرۇنلا،
قۇيۇنلارغا بولغان ئۇ ئوزۇق.
شۇملۇق تىلەپ يۈرىيدۇ قاغا،
يالپۇزلارنىڭ چۈشلىرى سۇنۇق.

ئۈتۈنچى چال كۆزلىرىدە نەم،
قېرى توغراق توزۇيدۇ پۇر - پۇر.
بىراق ئۇنىڭ تېگىدە شۇ دەم —
بىخلانماقتا بىر نوتا مەغرۇر.

1991 - يىلى، شىخەنزە

# كەچمىش جىلۋىسى

خىياللار كۆكىدە مەڭگۈلۈك قۇياش،
ئاداققى دەقىقە دېگىنىمىز خوش.
تۇرمىغان قارىچۇقتا سىرغىپ قاشاڭ ياش،
شۇ ئۆچكەن يۇلتۇزدەك يىتكەن قورۇنۇش.

ملك تەستە ئايرىلغان ئىككى ئاپتوبۇس،
كۆتۈرۈپ ماڭالماي ئەقىدىلەرنى.
ئالقانلار هارارەت تەپتىدە مەستخۇش،
توزۇتقان شۇ بېكەت بار كۈلكىلەرنى.

كۆلبەمدە يالغۇزلۇق تۇرار كۈچىنىپ،
ئازابلىق كۈي يۇتار كىرلاش سۇرىتىڭ.
ئەڭ ئېسىل كەچمىشنى كېلەر كۆتۈرۈپ —
ئىه، يۇمران كۆكسۈڭدەك تىترەڭگۈ خېتىڭ.

1991 ـ يىلى، شىخەنزە

# يىراق كەنت خاتىرىسى

خەرىتىدىن ھەيدەلگەن قاچان،
بىنالاردىن ئۈركۈگەن كەنت.
گۈرۈلدىمەس موتورلار ئاسان،
زىنىخلاردا جىلمىيار بەخت.

ئاسمىنىدا ئايروپىلان يوق،
ئاقباش چوققا تۇرخۇن چۈشەيدۇ.
بەل - بېلىدىن ئۈزۈلگەن يوللار -
ھەر دوقمۇشتا شۇملۇق سۆزلەيدۇ.

باياۋاندەك كۆتۈشلىرىگە،
ئاھ، رېلىسلار باقمايدۇ قىيا.
ئېشەك مىنىپ ماڭغان پەرىزات —
بوي بەرمەيدۇ ئىسقىرتىشىڭغا.

رىۋايەتتەك يىگانە كەنت،
يېشىللىقتا سىلكىنەر ئاستا.
جىلغىلاردىن كېلەر سۈيۈلۈپ
دەرياسىغا قەدىمي ناخشا.

ئىھ، نەقەدەر ساددا ئادەملەر،
قاي مەقسەتنى ئويلىغان خۇدا.

پادا باقار چىقىل تۆۋىدە،
مەكتىپىدىن قاچقان قىز بالا.

مەن بۇيەردە تۇغۇلغان بىلەن،
سىغدۇرمىغان ئۇنى خەرىتە.
شاۋقۇنلىرى شەھەرگە كەتكەن،
پادىلاردىن ئۈركۈپ سۆبھىدە.

1992 ـ يىلى، چىرا



# شەھەردىكى ئوي

جان ئانا چۈشلىرىڭدە زاھىر بولسام،
چېكەمگە تاتلىقىنە سۆيەرسەنمۇ.
پادىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتسەم،
گۈگۈمدا تەشۋىشلىنىپ كۈتەرسەنمۇ.

جان دادا ئورمىلىقتا بىللە بارسام،
سول ئېلىپ مېڭىشىمغا ئۇنارسەنمۇ.
توزۇتۇپ يۈرىكىڭدىن تەشۋىشلەرنى،
ئېقىنغا چۆمۈلگىلى قويارسەنمۇ.

جان ئىنىم كەپسىز دوستۇڭ «ئۆيلىرىڭ»نى،
بۇزۇپلا قاچسا يەنە يىغلارسەنمۇ.
يوشۇرۇن ئىچىۋالسام كۆنەلگىنى،
ئانامغا يەنە چېقىپ قويارسەنمۇ.

ئىھ، مېنىڭ ئەركىم قالغان سېخىي سەھرا،
بۇرۇتلۇق بولۇپ قالدىم تونارسەنمۇ.
كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىكى ئەما بوۋا،
كۆرگىنىڭ نېمىلەر دەپ سورارسەنمۇ.

# كەنتتكى كىچىك كۆل

كۆل،
كۆل ئەمەس ئۇ ــ
تالاي ـ تالاي سۈرەتلەر بېغى.
سۇ ئەمەس ئۇ
ھەممىسى
يۈرەكلەرنىڭ، كۆزلەرنىڭ يىغى.
چېلەكلەردە
توشۇلار سىرلار،
ئىچەر بوۋاق
ئىچەر ھەممە
ئىچەر ئۇھ تارتىپ
ياشلىقنى سېغىنىپ چاللار...

1992 ـ يىلى، چىرا

# مامات لىرىكىسى

يۇلتۇزدەك لىپ قىلىپ يىقىلغان بەدەن،
مىلىڭ تاغىنىڭ سىلكىنىپ تىترىشىگە تەڭ.
كىمدۇر ئۇ كۆز يۇمغان تېخى ئەتىگەن،
تورزۇغان پەيلەردىن يىغىۋېلىپ رەڭ.

بوش كۆلبە، تاملاردا سارغايغان ئارمان،
ئۇن گۈلنىڭ بىرىنى ئىزدەيدۇ خىيال.
شۇ مىنۇت ھەر دىلنىڭ ئەتىسى گۇمان،
(تەن مەيلى، تەندىكى خىسلەتكە ئۇۋال).

بەختنىڭ تىۋىشى ئالۋۇن ئىشتىياق،
يۈرەكلەر قاناتسىز، ئۇچىدۇ ھەريان.
چىنارغا باغرىنى يارغاندا تۇپراق،
ئازابنى بىلمەيدۇ ئۇخلىغان جانان.

چاناقتا لىغىلدار ئۇششۇگەن ئۇمىد،
ئەزرائىل كۈلكىسى قاپلار قورۇنى.
روھلارنىڭ كۆكسىدە لەيلىگەن سۈكۈت،
قايتىدىن ياراتماق بولار دۇنيانى.

# دۇنيا ـــ ئانا

قۇياش ـــ
جىمى جانلىق كۆرمەي قالغاندا
ئانا سىنىڭ يىتكەن كۆز نۇرۇڭ.
شاۋقۇنلىنىپ ئاققان ھەر دەريا
ھاياجاندا سوققان تومۇرۇڭ.

ئۈپۈق ـــ
ئانا سەھەر ئوچاق بېشىدا
كۆيۈپ قالغان سۆيۈملۈك قولۇڭ.
شەپەق ـــ
يەكشەنبىدە چۈشۈپ كەتكەن نان
سوۋۇپ قالغان چاغدا تونۇرۇڭ.

كېچە ـــ
ئانا سىنىڭ دوسكا ئالدىدا
توزان سۆيگەن كونا رومىلىڭ.
گۈگۈمدىكى تاغلار ـ چوققىلار
ئوغلۇڭ ئۈچۈن سۈرگەن ئويلىرىڭ...

1992 ـ يىلى، شىنخەنزە

# نۇر ئوغرىسى

ھەر ئاخشىمى تۈڭلۈكتىن قۇياش
قىسىندىلىپ كىرەر بىر ئۆيگە.
نۇر شورايدۇ سېخىي قارچۇقتىن
چىقىۋالار كۆككە سەھەردە.

بىر كۆڭلىكى خانەڭگە سېنىڭ
كىرىۋېلىپ قۇياش ئاستىلا
ئېمىۋالغان قارچۇقلىرىڭنى
سەن خىرامان ياتقان ۋاقتىتا.
شۇندىن بېرى، ئاھ شۇندىن بېرى
ئاجىزلىدى كۆزنۇرۇڭ ئانا.

1992 ـ يىلى، چىرا



# سەكراتتىكى مەنە

كۆزلەردىن تۆكۈلگەن ئارمان ـ ئىشتىياق،
زىنىختا كۈلگىنى گەز باغلىغان چۈش.
لەۋلەرنىڭ تىترىشى ئەسەبىي چاقماق،
يۈرەكنىڭ سوقۇشى ـــ ماماتتىن چۆچۈش.

تىنىقلار ـــ يادلانغان ئەسىرلىك شۈكرى،
ۋۇجۇدنىڭ تىترىكى ـــ سۈر باسقان قەدەم.
ئىڭراشلار ھاياتنىڭ پارتلىغان كۆركى،
سەكرات ـــ ئۇ بەختنى چىللاپ بەرگەن دەم.

1992 ـ يىلى، شىخەنزە



# نىمانچە ئورمانغا چۆككەن شەھەر بۇ

ئارمىنىم شۇمدى زاكامدىن تارتىپ،
ئىھ، سىنى تەكرارلاپ باغرىمغا باسماق.
مەن ساڭا باغلاندىم ئوغۇللۇق يولدا،
مۇمكىنمۇ بۇ سۆزنى ياندۇرۇپ ئالماق.

مىۋىگە قول سوزدۇك نىچۈن بىلمىدىم،
يوپۇرماق چىقارماي سۆيگۈمىز شىخى.
نىمانچە ئورمانغا چۆككەن شەھەر بۇ —
سۆيۈشۈپ كىتىمىز مۇڭداشماي تىخى.

يوپۇرماق كۈلكىسى شادلىقمۇ، مازاق،
قەدەملەر پىنھاندىن قىلالماس داۋام.
سەن بۇنى يا سەزدىڭ ۋەيا سەزمىدىڭ
يولىمىز يوللاردىن چەتنىگەن تامام.

ئاق قالغان كۈنلىرىم كىرپىكىدە ياش،
توزۇغان ئىزلىرىڭ كۆرمەمدۇ سىنى.
نىمانچە ئورمانغا چۆككەن شەھەر بۇ،
ياپراقلار دورايدۇ ئاھ، ئەتىمىزنى.

# قىزلار

(«ۋاھ، سېنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىڭ» ناملىق ئۇسسۇلنى كۆرۈپ)

قىزلار، قىزلار، ئەي گۈزەل قىزلار،
پەرىزاتمۇ تېگى - تەكتىڭلار.
تىنىقىڭلار ئىپاردۇر گويا،
بوي ئالغانمۇ گۈلدىن قەددىڭلار.

قىزلار، قىزلار كۆيخۇمار قىزلار،
جانغا ھۇزۇر تاتلىق تىلىڭلار.
باشلاپ كېلەر باھار سەلكىنى،
قۇندۇز كەبى سۇمبۇل چېچىڭلار.

قىزلار، قىزلار، گۈلخۇمار قىزلار،
كۆلكە تۇغۇپ تۇرار يۈزۈڭلار.
بىر بېقىشتا مىڭ جاننى ئالۇر،
ئاھ، سىلەرنىڭ ئاھۇ كۆزۈڭلار.

قىزلار، قىزلار، بەختىيار قىزلار،
سىلەر بىلەن ھايات ئېقىشلىق.
سىلەر ياشلىق كۆركى، زىننىتى،
سىلەر بىلەن دىللار چېتىشلىق.

# بىر جۈپ سايە

خىلۋەت پىنھان بۇلاققا يانداش،
تەنھا چالىنىڭ كۆلبىسى ئۇندا.
يۈرەكلەرنىڭ رىتمى ئوخشاش،
بىر جۈپ سايە كېلەر گۈگۈمدا.

تاتلىق سۆيۈش، ئوتلۇق پىچىرلاش،
ھەستىنى قايىنتار ئايىنىڭ.
كۆزلىرىگە تىزار ئىسسىق ياش،
ياشلىقنى ئەسلىتىپ چالىنىڭ.

1993 ـ يىلى، چىرا



# سەھەر لىرىكىسى

نۇر تۆكىدۇ ئۇپۇقتا قۇياش،
يېڭى ناخشا باشلايدۇ بۇلاق.
چىللىشىنى ئاڭلاپ خورازنىڭ،
روجەك تامان ئىنتىلەر بوۋاق.

قىر بېشىدا ئايلىنىپ يۈرەر،
شەپەق ئىچرە نۇرلىنىپ بىر چال.
دىل كۆكىدە شادلىق قاقار پەر،
ۋۇجۇدىدا ئۆزگىچە بىر ھال.
چېكىسىدە تەپچىرەيدۇ تەر،
ئۇ قۇياشنى تۇغقان ئېھتىمال.

1993 ـ يىلى، چىرا

# يەنە سەھەر لىرىكىسى

پىنھانلارنى پۇراپ يۇرەر ئىست،
كۇلۇپ تۇرغان غەيرىي خىيالدا.
ئاي - يۇلتۇزلار بولىدۇ بىتچىت،
ئورمانلارغا مۆكۇنگەن تاڭدا.

پادىلارغا كېتەر قېتىلىپ،
ئىنىمىزنىڭ بايىقى چۇشى.
چاڭقاق لەۋدە تۇرار كۇچىنىپ،
دوغچى چالىنىڭ ئاجىز تىۋىشى.

گۇل بەرگىدە چاقنار ئەقىدە،
زەڭگەر كۆككە قاراپ قويار قىز.
تالاي سىرنى دەريا كۆكسىدە،
قىرغاقلارغا سۆزلەيدۇ ئەگىز.

بارخانلارغا كۆمۇلگەن ناخشا،
جاراڭلايدۇ ئۇپۇق سەتھىدە.
زوقۇم بىلەن قىلىمەن ناشتا،
قايماق چايدەك ئانام مېھرىدە.

# سوراق بولۇپ...

ئاق ئەتردەك ئاقلانغان كېچە،
ساھىللاردىن كەلمەس ھېچ ئاھاڭ.
بىر جۈپ شولا غەمسىز خىلۋەتتە،
ياپىراقلارنىڭ چۈشلىرى گاراڭ.

ئاھ، بەللىرى مۆكچەيگەن بىر چال،
ئورما ئورار كۆچىنىپ شۇتاپ.
سوراق بولۇپ قېتىپ قاپتۇ ئاي،
گاھ ئورمانغا گاھ چالغا قاراپ...

1993 ـ يىلى، چىرا



# خەير - خوش

ئۈمىدىم ھالسىراپ ئۆلدى كۆلبەمدە،
ئالدامچى شاماللار قۇترىغان ئاخشام.
تىترەتتى جاھاننى بوغۇق ئۈنىدە،
ئەقىدەم قېتىدىن پارتلىغان ناخشام.

ئاي مۆككەن، يۇلتۇزمۇ پەردە كەينىدە،
بىر قارا يەكتەككە ئورالغان ئاسمان.
ھېچنىمە - ھېچنەرسە كۆرمەس چۈشىدە،
قىزىلگۈل بەرگىدە تەۋرىنەر توزان.

جۇپ گەۋدە تالىشار يالپۇزلاردىن كۆي،
خاتىرەم قېتىدا چۇغلۇقۇم سېرىق.
گۇۋاھتۇر ھەممىگە ماڭا تالىق ئۆي،
يىغلايدۇ غورۇرى چەيلەنگەن ئېرىق.

كۆزلىرىم تۇنجى رەت تورلاشتى شۇچاغ،
توزانغا مىنگىشىپ يىتتى ئەقىدەم.
بۇلبۇل دەپ يۈرگىنىم ئىكەن ئەسلي زاغ،
خەير-خوش «نومۇسچان»، ئاسىي پەرىشتەم.

# رومالىڭنى قايرىۋەت جانان

رومالىڭنى قايرىۋەت جانان،
تېپىۋالسۇن دوستىنى قۇياش.
گۈل ـ غۇنچىلار بىقىپ سەن تامان،
پۈرەكلىسۇن تۇتاش ۋە تۇتاش.

باشلاپ كەلسۇن سۇمبۇل چاچلىرىڭ،
ۋادىلارغا باھار سەلكىنى.
ئەلەس قىلسۇن ئانار يۈزلىرىڭ،
باغۋەنلەرنىڭ تالاي ئەجرىنى.

ئېرىپ كەتسۇن ئاپپاق داللار،
قىن ـ قىنىغا پاتمىسۇن ئېرىق.
قاشلىرىڭغا ئاي ۋە يۇلتۇزلار،
قارىۋالسۇن ئېنىقتىن ـ ئېنىق.

كۆرۈۋالسۇن كۆلكەڭنى زېمىن،
ئۆز ـ ئۆزىگە قالسۇن ئىشەنمەي.
ئاھۇ ئېيتسۇن مۇڭ بىلەن گېمىن،
قارىچۇقۇڭنى مەبۇد ئېتەلمەي.

رومالىڭنى قايرىۋەت جانان،
ئەندىز ئالسۇن سېنىڭدىن بوۋاق.

كۆرەلمەسلەر قەلبىدە شۇئان،
قېتىپ قالسۇن يىگانە سوراق...

1992 ـ يىلى، شىخەنزە



# مەكتەپداشلارغا...

بۈگۈن ئۈيەر كىملەر ئۈچۈن بولدى سەيلىگاھ،
كىملەر ئىگىپ دۈدۈقلايدۇ مەجنۇنتاللارنى.
سوغۇق بەدەن ئىرەنسىزمۇ خىلۋەتتە يەنە،
ئاتەش يۈرەك ئۆركەشلەتسە سەبىي قانلارنى.

«ئوت» قەدەملەر باغچىلارغا ئاقامدۇ ئۈنسىز،
چۆپلۈكلەردە خورسىنامدۇ بىتەلەي ئىزلار.
تانىسدىكى مىنۇتلاردىن باشلىنامدۇ سۆز،
تۈنجى سائەت دەرسىدىن چىققاندا قىزلار.

لەققەملەردىن قاش ـ كۆزلەرگە ئۇچامدۇ «سالام»،
ئەپۇ ئۈچۈن زاكوسكىغا يېتەمدۇ خالتا.
پېرېۋوت[1]لاردىن ۋۇجۇدلارغا تۇتاشسا ئىلھام،
ئۈپرامدۇ ئەندىشىدە يېپىلغان قارتا.

بۈگۈن ئۈيەر كىملەر ئۈچۈن بوپ قالدى ئاگاھ،
بوتۇلكىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ ئاداققى دىپلوم.
قان ـ قان بولۇپ ياشلىنامدۇ چاناقلارمۇ ئاھ، —
لەزىز دەملەر «شادلىق» ئىزدەپ بولغىنىدا گۇم.

① پېرېۋوت — پۇل چېكى (ت).

بۈگۈن ئۆيەر كىملەر ئۈچۈن بوپ قالدى ئاگاھ،
كىملەر ئۈچۈن ھەر سەھەردە رەڭلەندى ئۈپۈق.
تىلسىمدىن ھەر دەقىقە يەكلىنىپ دۇنيا،
قەلبلەردە ئۆچتى كىملەر ئاستا قۇش بولۇپ...

1994 ـ يىلى، چىرا



# نېچۈن شۇ مىنۇتنى ئۇنۇتمىقىم تەس

كۆلكىلەر قىستالدى بۇلۇڭغا غەمكىن،
يوقالدى لېۋىمدىن «قان»نىڭ داغلىرى.
سەن كەتتىڭ يېنىمدىن شۇنچىلىك تەمكىن،
قەدىمىڭ ئاستىدا قىسمەت ئاھلىرى.

ۋىجداننى ئۆلچىمەك مېنىڭ ئۈچۈن يات،
ۋەدەڭنى سوراقلاپ يۈرمىدىم كەچلەر.
ئىشەنسەڭ بەختىڭنى تىلىدىم پات ـ پات،
ئۇنتۇلدى سۆيگۈمگە ئارتۇق كەچمىشلەر.

ئېسىمدە قالغىنى سۆيگۈنىڭ ئەمەس،
ئەستە يوق چۈشۈمگە كىرىپ قالغىنىڭ.
نېچۈن شۇ مىنۇتنى ئۇنۇتمىقىم تەس —
ئىھ، تۇنجى قولۇمنى تۇتۇپ ماڭغىنىڭ...

1994 ـ يىلى، چىرا

# يەككە ـ يەككە سۆرەتلەر

1

تۇنجى يۈرىكىم
قار ياغقان كۈندە
سەبى ناخشا ياڭرىغان ھۇجرا
سىمايىڭ — پاك ھېسسىڭ
قەغىزىڭ —
قەلبىڭدىكى دېيىلمىگەن سۆز.

سەن ھۇجرامغا تاشلىدىڭ قارلىق،
كەلدى شۇئان ۋېناستىن
غېرىب ھۇجرامغا
«كۆيلىرىڭنى ئالماشتۇر تېز» دەپ
بەخت بىلەن رەڭلەنگەن
ئىلاھى يارلىق.

2

ئاھ، چال
ئارمانلىرى تالاي ۋە تالاي

ئولتۇرىدۇ ئىشىك تۈۋىدە.
ئاستا ـ ئاستا ئۆملەپ ئەجەل
كېلەر ئۇنىڭ ئاھىدىن قورقماي
يۈرىكىگە ئىپسلار تىنماي.

تالىشىدۇ بوۋاي ۋە ئەجەل
ئۇپراپ كەتكەن كونا ھاسىنى
كۆيلەپ چىقار بىلمەستىن ئۇلار
مەغلۇپلۇقتىن يېڭى ناخشىنى.

3

يۇلۇپ ئېلىپ بارماقلىرىمدىن،
موخۇركامنى شورلار ئەقىدەم.
يانتاق ئۇندى ۋەدىلىرىڭدىن،
تويۇڭ بۈگۈن ئاسىي پەرىشتەم.

4

(پاكلىق)

ئۆرۈك شېخىدا
ئىلىنىپ قالغان باللىقىم
باھار بىلەن تەڭ
ئېچىلدى
چېچەكى بولۇپ ئۆرۈكنىڭ.

5

(يىتكەن لىرىكا)

يىتكەن لىرىكامنى
تىپىۋالدىم كېچىدىن.
تۈگمەن بېشىدا
ئۈخلىماستىن ئۈگۈت تاسقىغان
دۈمچەك چالىنىڭ
زىنىخىدىن.

6

شامال
ئېچىۋەتمە خىياللىرىمنى،
كۆرۈنۈپ قالمىسۇن سىرلار تېگىدىن
مەن ئۇنۇتقان پەرىشتە قىزنىڭ
ئۇنتۇلمىغان مۇقەددەس ئىسمى.

7

سۆيگۈ چۆلدە
يولۇقتۇردۇم سېنى، ئاھ سېنى
دەل شۇپەيت —

تۇتتى تولغاق
يۈرىكىمنى،
كۆزلىرىمنى
ھېسلىرىمنى...
ئىگاھىمىز كېسىشكەن جايدا
ئۇنۇپ چىقتى قىپقىزىل يۇلغۇن.
بولدۇق ئۆزۈك تۇغۇت ئانىسى
باللىقىم كۆز ئاچتى بۇندا.
ياشلىقىم — چۆلدىكى بوۋاق
كەينىدىن ساناپ
تۆتىنچى مىسرادا كۆز ئاچقان.

## 8

مۈكچەيگىنى مەن ئەمەس ئەسلىي،
ھاسام كالتە
يېتىشمەي قولۇم
بولۇپ قالدىم «قېرى، مۈكچەيگەك».
مەن ئەگمىدىم ھاسا ئۇچىنى
مېنى تېخىمۇ —
ئېگىلدۈرۈش ئۇنىدىكى مەقسەت.

1992 ـ يىلى، شىخەنزە

# ئارخىپلانغان كەنت

(شائىر ئابلەت ئەخمەتنىڭ «قېنى كەچمىش جىلۋىسى» ناملىق شېئىرىغا جاۋاب)

توزۇپ كەتتى كەچمىش جىلۋىسى،
تۈتەپ كېلىپ مىسكىن شۇقەدەر.
«مۆجىزات» نى يەشتى ھەممىسى،
ئارخىپلاندى ئىھ، شۇندا بۇيەر.

كوچىسى يوق ئىدى ئەزەلدىن،
نام بېرىلدى چىغىرلارغىمۇ.
كۆي تۆكۈلدى بوتۇلكىلاردىن،
سۈت تەمدىكى ئېغىزلارغىمۇ.

رېستورانغا ئالماشتى رەت - رەت،
خىلۋەتتىكى يورۇقسىز ئۆيلەر.
كۆكلەپ كەتتى ياشاشقا پۇرسەت،
شاۋقۇن بىلەن بېزەلدى تۈنلەر.

«ۋىچىركا» لار يۈز ئاچتى بۇندا،
«تۇغۇلغان كۈن» ئۆي - ئۆينى تاپتى.
مەيخانىلار شوخلاپ گاھىدا،
ئاتا بىلەن بالىنى قاتتى.

ئارخىپلاندى ۋىسال ئەختىرى،
ئارخىپلاندى بۇندا ھەممىسى.
ئارخىپلاندى ساددا ئىسمىممۇ،
مەن بۇيەرنىڭ «ساراڭ شائىرى».

1994 ـيىلى، چىرا



# يىغلانمىغان يىغا

سەن كەلمەستىن بۇرۇن بۇيەردە،
مەڭگۈ ئۇخلاپ قالسام جىممىدە.
يۇلتۇزۇمنىڭ سىرغىشىنى ئاھ —
كۆرەرسەنمۇ خىلۋەتتە خىرە.

تەمكىنلىكلىك تۇزارمۇ باتناپ،
ئۇزاپ كەتسە ئاققۇلار شۇتاپ.
يازارسەنمۇ ئۇزۇن نامىلەر،
چەكسىز كۇتۇش ئىچىدە ياشاپ.

تاتىرارمۇ نەپەسسىز كۆلبەم،
تورۇسدىن يىتكەندە ئىلھام.
كەچمىشىمنى سۆزلەرمۇ دەم - دەم،
ساڭا يازغان يىتىم لىرىكام.

سەن كەلمەستىن بۇرۇن بۇيەردە،
مەڭگۈ ئۇخلاپ قالسام جىممىدە.
بارالامسەن قەبرەمگە ئۇدۇل،
كۆز يېشىڭنى ئېلىپ سۇبھىدە.

# بالىنىستىكى كۈتۈش

جىنىم ئانا قاراپ باققىنا،
كارىدوردىكى كىمنىڭ تىۋىشى.
كىرەلمىدى سەندىن تارتىنىپ،
ۋۇجۇدىدا ئازاب، تەشۋىشى.

كارىدوردا ئۇنىڭ تىۋىشى،
قۇلىقىمدا ھېلىقىدەكلا...
ئۇ كېلىدۇ چوقۇم بۇيەرگە —
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ بۇرۇنقىدەكلا.

ئۇ كېلىدۇ چوقۇم بۇيەرگە،
يىرتىلىدۇ تۆت تام - تۆت پەردە.
چۈشۈپ كېتەر شۇئان قىزىتمام،
(تىكىلمىگىن ئاڭا، ئەگەردە...)


يۈرىكىدە كۆرەر ئۇ مېنى،
كۆز يېشىدا يەنە ئېسەدەپ.
ئېھ، سۈر باسقان كېسەل كارىۋىتى،
ئېچىلىدۇ گۈلدەك پورەكلەپ.

باھار كېلەر بىردىن بۇيەرگە،
ئاقار ئەگىز تومۇر - تومۇردىن.

سېسترا قىز قالدۇ مەڭدەپ،
تومۇرۇمغا ئۇرغان ئوكۇلدىن.

جېنىم ئانا ئىشكنى ئاچقىن،
كارىدوردا ئۇنىڭ تىۋىشى
قۇلىقىمدا ھېلىقىدەكلا.
ئۇ كېلىدۇ چوقۇم بۇ يەرگە،
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ بۇرۇنقىدەكلا.

1994 - يىلى، چىرا



# ئون توققۇز يېشمغا

— پوچتالىيون خېتىمنى بەرگىن،
ئىزتىراپقا ئورىما مېنى.
خەت يازغانتىك ئوماق پەرىشتەم،
پوچتالىيون بەرمىدى ئۇنى.

دوستلىرىڭنى كۇندە كۆرىمەن،
«سالام دېدى» دېمىدى بىرسى .
بارغانلارنى سوراپ يۈرۈپسەن،
يانغانلارمۇ كەلدى شۈپىتى.

چۈمبىلىنى يىرتقاندا ئۈپۈق،
شامالللاردىن سورىسالىڭ مېنى.
ئۆكسۈشۈڭنى بەرمىدى شامال،
بورانلارغا سۇنۇپ ھەممىنى.

چۈشلىرىڭگە كىردىم ھەر كېچە،
ياستۇق ھۆللەپ ئۆتتۇڭ نائىلاج.
ماڭا كەشتە ئىشلىسەڭ پىنھان،
جۆيلۈشلىرىڭ قىلدى يالىڭاچ.

سەن سۆيۈملۈك مەنمۇ قەدىران،
پوچتالىيون — شەپقەت تۇغۇمى.

كۆتۈش بىلەن ئون توققۇز يېشىم،
بەردىڭ ماڭا يەنە نېمىنى؟!

1992 ـ يىلى، شىخەنزە



# يىراق شەھەردىكى قىز

قىزچاق، —
رەڭلەر بەزمە قۇرغان شەھىرىڭدە
ئاتاڭ بىلەن ئاناڭدىن باشقا
بارمۇ يەنە قەدىردان بىرسى،
ئېيتىپ بەرگىن نېمىكىن ئىسمى؟


بەلكىم يىگانە...
بەلكىم خىيالە...
بەلكىم بىر كۆلپەت.

قىزچاق —
رەڭلەر بەزمە قۇرغان شەھىرىڭدە،
خىيالىڭغا كىرەمدۇ سەھرا
پوچتالىيون كەلگەندە ھەر رەت.
خىنە ياققان بارماقلىرىڭدا
ئاق قەغەزگە سۇۋۇنۇپ تۇرۇپ
غېرىب باغرىم ئاچقاندا پورەك.

قىزچاق —
مەن
رەڭلەر بەزمە قۇرغان شەھىرىڭدە،
يۇرىكىڭدە يىرتىلغان سۇرەت.

سەن
قەدىمىڭدەك خىلۋەت كەنتىمگە،
كەپىلىكنى ئۆگەتكەن ھەسەت...!

1993 ـ يىلى، چىرا



# يول شەجەرىسى

(چىرا — بوستان[1] ئاسفالت يول قۇرۇلۇشى پۈتكەنلىكىنىڭ بىر يىللىقىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

بارخانلارنىڭ چۆشلىرى قاچان، نەدە بۇزۇلدى،
قاچان ئىزلار ئۈمىدتە قۇملۇقلارغا سوزۇلدى.
بىر چاغدىكى ئالۋۇندەك دىلدا خىرە ئارمانلار
بۈگۈن يۇرتۇم چىرادا مېھنەت بىلەن يۇيۇلدى.

تالاقلاندى بۈندىكى ئەسىرلىك سۈر - سۈكۈنات،
چېھرلەردە زىيادە خۇش تەبەسسۇم پارلايدۇ.
كۆيى كەلسە غەلبىنىڭ، تۇشمۇ تۇشتىن كائىنات —
سىلكىنىدۇ، چوققىلار بوي سوزۇشۇپ قارايدۇ.

قېنى غالىب داۋانلار، ياتار قارنى يېرىلىپ،
قورام تاشلار ۋۇجۇدى قات - قېتىدىن چۇۋۇلغان.
ئىھ، قۇيۇنلار ماجالسىز يۈرەر غەمكىن سىيرىلىپ،
چۈنكى خەلقىم قەلبىگە بۈيۈك ئارزۇ ئويۇلغان.

ھەيرانلىقتا يۇلتۇزلار چىمچىقلىتار كۆزىنى،
كېچىلەردە چاقنىسا كۈمۈش لىنتا ۋاللىداپ.

---

① بوستان — چىرا ناھىيەسىنىڭ ئەڭ شىمالىغا جايلاشقان يېزا نامى. يېزا بىلەن ناھىيە مەركىزىنىڭ ئارىلىقى 180كىلومېتىر.

قەيەرلەردە مېھنەتسىز ھۆر بەختىنىڭ كۈلگىنى،
ھېسلىرىمدا چاقماق بار، چېقىلىدۇ چاراسلاپ.

ھىد تارايدۇ ئەتراپقا قاداق - قاداق قوللاردىن،
يۇلغۇنلارنىڭ ھىدلارغا يەتكەن قىزىل سالىمى.
يانمىدىغۇ ئىرادە ئەزرائىلدەك ھاڭلاردىن،
تالاي - تالاي توقۇلدى بورانلارنىڭ ماتىمى.

قۇملۇقلاردا، داۋاندا ئۆچمەيدىغان بىر ئىز بار،
ئۇ ئەمگەكچان خەلقىمنىڭ لىرىكىلىق سىماسى.
ئاھ، بۇندىكى ھەر تەندە زېمىنغا سۆيگۈ بار،
چۈنكى دۇنيا ئەزەلدىن مۇھەببەتنىڭ دۇنياسى.

قەلبلەردە مەڭگۈلۈك بىر ناخشا بار ئۈزۈلمەس،
ھەر مىسراسى تالايلاپ قان - تەر بىلەن تۈزۈلگەن.
كۆمۈلسىمۇ بەدەنلەر، بۇ مىسرالار كۆمۈلمەس،
ئىھ، كېلەچەك — ئەتىمىز شۇ يوللارغا كۆمۈلگەن...

1994 - يىلى ماي، چىرا

# سالام دوستلار

(قەدىردان ساۋاقداشلىرىمغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

جەنۇبتىكى كىچىك بىر بازار،
يۈرىكىمگە كەتتى ئايلىنىپ.
ئىھ، شۇ يەردىن سالام سىلەرگە،
سالاملاردىن پۈتكەن تاۋلىنىپ.

يوق بۇ يەردە بىرمۇ تېخنىكوم،
ۋەيا يوقتۇر پارلىق بىر سىنىپ.
خىيالىمدا خىلۋەت رەستىگە،
ئۇنىۋېرسىتېتنى قويىمەن سىزىپ.


بار بۇ يەردە بۈيۈك سېغىنىش،
سىلەر تامان ئاقار كۆۋەجەپ.
كۈلۈپ چىقىپ خەرىتىلەردىن،
سىقىسىلەر قولۇمنى كۈچەپ.

دېكابىرنىڭ ئاپتىپىدەكلا،
دىدارلاشقۇم كېلەر بىرمۇ بىر.
سۆرەن سالغۇم كېلەر ۋە بىللە،
بويتاق ئەمەس دوستۇڭلار ھازىر.

ئادرېسمنى ئەتتىڭلار تەرك،
پوچتالىيون باقمايدۇ قىيا.
بىلگۈم كېلەر ئادرېسڭلارنى،
قەدرىڭلارنى بىلگەندەك گويا.

سالام دوستلار، سىلەر خىيالى —
ۋۇجۇدۇمدا ياسايدۇ كۆكلەم.
جەنۇبتىكى كىچىك بىر بازار،
يولۇڭلارغا باقىدۇ دەم - دەم...

1995 - يىلى، چىرا



# سەككىزلىك لىرىكىسى

ئالبومىمدا ئاداققى سۈرەت،
سەككىز رومكا تىترەر قولۇمدا.
سەككىز كارنۋات سىلكىتىپ ھەسرەت،
سەككىز جۈپ كۆز ئېرىگەن ئاستا.

دەۋرەپ كەتكەن ياتاق بىناسى،
يۈرەكلەردە چىلىق - چىلىق ياش.
ئىھ، ھېلىمۇ ئامانمۇ سىلەر،
قەلبىمدىكى سەككىزلا ئاداش.

سەككىز ياققا پەر قاققان قىيماي،
سەككىز ئېغىز «خەير - خوش...» بىلەن.
سالامغا قول بەردىم بۇ دەقىق،
كۆكلەيدىكەن سېغىنىش دېگەن.

سېغىنىمەن سىلەرنى ھەر ۋاق،
جەنۇبتىكى كىچىك كەنتتە.
ئېكراندىكى بىنالار ئارا —
قايناق ياتاق كېلەر ئېسىمگە.

سېغىنىشتا بېرىپ دەممۇ دەم،
سۈرتكۈم كېلەر پوللارنى قايتا.

سۇرتكۈم كىلەر ئازارلىرىمنى،
كۆز يېشمنى سۇرتكەندەك گويا.

سەككىز مەۋسۇم، سەرسان شەنبلەر،
ئاھ، ئاجايىپ لىرىك مۇزىكا.
سالامەتمۇ سىلەرمۇ بۇ دەم، —
سەككىز گۈزەل ئىستۇدېنتكا.

يادلىنامدۇ ئىسمىممۇ بىر رەت،
باغرىڭلارنىڭ خىلۋەت تەكتىدە.
توي قىلىۋالدى ساۋاقدىشىڭلار،
ئىھ، ئىيۇلنىڭ تۇنجى كۈنىدە.

ھېسلىرىمىز تۇتاش ۋە تۇتاش،
سەككىز جۇپ كۆز، سەككىز جۇپ ۋەتەن.
يۈرىكىمىز خىيالدا سىرداش،
كۆكلەيدىكەن سېغىنىش دېگەن.

1995 - يىلى، چىرا

# ئاشۇ سەھرا

ئاشۇ سەھرا، خىلۋەت جىگدىلىك،
پىچىرلىشار لەۋلەر بىمالال.
سۆيۈشلەردىن قېلىپ ھەسرەتتە،
تولغىنىدۇ ئىزغىرىن شامال.

ئاشۇ سەھرا، خىلۋەت جىگدىلىك،
بۇ يەر چاللار كۆزىدىن ساقت.
قاداق قوللار ئېرىگەن سۇ بوپ،
بۇلاق كۈيى شادلىققا پاكت.

ئاشۇ سەھرا، خىلۋەت جىگدىلىك،
ۋەدىلەردىن چۆچۈيدۇ دۇنيا.
ئىھ، مۇھەببەت ئاشۇنداق بىر ھال،
بىر يۈرەككە بىر يۈرەك ھەمراھ.

1995 ـ يىلى، چىرا

## ؟ • • •

غايىب قۇدرەت تېپىپ قەلبىمنى،
ئىزھار قىلسام تەرلىنىپ، تىترەپ.
سوراپ قالدىڭ: ماڭا كۆيگىنىڭ
مۇھەببەتمۇ، قىزىقىشمۇ دەپ.

نېمە زادى قىزىقىش دېگەن،
مۇھەببەتنى يۈرەمدۇ سۆرەپ.
ئويلا جېنىم ئوغۇل ھەر كىمگە،
سىرلىرىنى يۈرمەيدۇ سۆزلەپ؟!

1994 ـ يىلى، چىرا



# سەن كەتتىڭ

سەن كەتتىڭ چۈش كەبى، يامغۇرلۇق سەھەر،
سەن كەتتىڭ يېنىمدىن يىراق بەك يىراق.
سەن كەتتىڭ پەر قېقىپ لەرزان شۇ قەدەر،
سەن كەتتىڭ، تۈيغۇمدا ئۈندى مىڭ سوراق.

سەن كەتتىڭ، ئاپتوبۇس كۈلدى گۈركىرەپ،
سەن كەتتىڭ، چاقماققا قورشالدى بېكەت.
سەن كەتتىڭ، ئۇپۇقتىن قۇياشنى سۆرەپ،
سەن كەتتىڭ، كۈلكىلەر چىللىدى ھەيرەت.

سەن كەتتىڭ، كائىنات تىترىدى دىر - دىر،
سەن كەتتىڭ، يوللارغا يېيىلدى خازان.
سەن كەتتىڭ، باھارمۇ «خوش» دېدى ئاخىر،
سەن كەتتىڭ، ۋۇجۇدۇم مۇزلىدى شۇئان.

سەن كەتتىڭ، ئورمانلار كۆزۈمگە قاقشال،
سەن كەتتىڭ، پىنھاندىن ئاچچىق لىرىكا.
سەن كەتتىڭ، يۇلتۇزۇم ئۆچتى ئېھتىمال،
سەن كەتتىڭ سۆيگۈمگە چىللاپ موخوركا.

# ئانامغا تەسەللى

دولقۇنلارنىڭ چېچەكلىرىدىن،
يىغىش كېرەك ئەتىرنى ئەسلىي.
خىيالىمدا ئىە، چۇمۇلىلەر —
تەنلىرى چاك توغراقنىڭ نەسلى.
ئاڭلاپ ئۇشبۇ «غورا» سۆزۈمنى،
بالام كىچىك دېمىگىن ئانا.

پىلەكلەرگە قارىساق ئۇزۇن،
ئۆگىنەتتۇق مېۋە بېرىشنى.
بۇلاقلاردىن ئېلىش كېرەكتى —
ئارىيەتكە ئەسلىي كۈلۈشنى.
قىر - قىرلارغا ئاتسام ئۆزۈمنى،
مېنىڭدىن غەم يېمىگىن ئانا.

ئۆگەنمىدۇق ئاقىلىقنى ھەرگىز،
پىلە بولغان ئاپپاق غوزىدىن.
قېيىداشلارنى ئۆگەندۇق راسا،
تېشى سىيدام ئاچچىق غورىدىن.
ئېرىپ كەتسەم قار بولۇپ ئاستا،
ئاھلىنىپ ياش تۆكمىگىن ئانا.

قىيالاردىن ئالمدۇق ئۆتنە،
باش كۆتۈرۈپ مەغرۇر يۈرۈشنى.
سەكراتتىكى تۇل موماىلارمۇ
تاشلىيالماس ئەينەك كۆرۈشنى.
ئۈنۈپ چىقسام مۇخ بولۇپ بىر كۈن،
ئەينەك ئىزدەپ يۈرمىگىن ئانا.

مەن، —
ئارمان نىمە، گۈگۈمدا كۆيگەن،
ئىھ، قۇياشتىن بىر سوراپ كۆرەي.
چىدام دېگەن زادى نىمە دەپ،
تۆگىلەردىن جاۋاب ئەكىلەي.
قۇملۇقلاردا قالغان ئىزىمنى،
بوستانلاردىن ئىزدىگىن ئانا.

1995 ـ يىلى، چىرا

# بەخت تىلەش

سوراقلار چېكىتكە ئايلاندى قاچان،
قاچاندا كۆكسۈمدىن سىرغىدىلىك ئاستا؟
ناۋادا سەن بۇنى بىلمەكچى بولساڭ،
ئۆزۈڭدىن ۋە يەنە ئۆزۈڭدىن سورا.

بىلەمسەن، ئۇشبۇ كۈن — تۇغۇلغان كۈنۈم،
چىللاپمۇ قويمىغان پوچتالىيوننى.
سوۋغا دەپ بەرگىنى ئۇششۇك تەگكەن گۈل،
(مۇمكىنمۇ قايتۇرماق مېھمان كۆڭلىنى؟)

تورۇسنىڭ قېتىغا ئېلىندى ئالبوم،
قەلبىڭگە ئىلىنگەن بىرسىدەك گويا.
ئىس كەبى توزۇدى ئاداققى خېتىڭ،
چاناقتا لىقلانغان كەچمىشلەر ئارا.

دېرىزەم ئالدىدا جۇلا - جۇلا نۇر،
كۆزنەكتە سىرغىغان كىمنىڭ ئۆكسۈشى.
ئاڭلىدىم، تولىمۇ يېقىنلا جايدا،
بىر قىزنىڭ مەن ئۈچۈن بەخت تىلىشى...

# تاتلىق ئۈمىد

بۇ كەنتتە —
مەن بىلمەن بىرمۇ كىشىنىڭ
يوق شەھەرگە كەتكەن تونۇشى
يوق بىرەرمۇ يېقىن تۇغقىنى
ۋەيا دوستى ۋەياكى ئوغلى
يوق ساۋاتلىق بىرەر كېلىنى،
بار پەقەتلا يالغۇز ئىسمىمنىڭ
ئۇندا قالغان نازۇك تىۋىشى.

پوچتالىيون بار بۇندا ئەمما،
ئەكەپ بېرەر كۆلكەمنى ماڭا،
ئىككى كۈندە ئالمىشىپ بىر رەت.

بۇگۈن —
قوتانلارغا ياندى پادىلار
مۆكۈشمەككە چۈشتى بالىلار،
تا بۇۋاققا كەلمىدى خېتىڭ.
يۈرىكىڭدىن سىرغىپ چۈشتۈممۇ،
يا پوچتىغا ئۈلگۈرمىدىڭمۇ؟
ئۆچرىتالماي ئاپتوموبىللارنى
ئاتلاپ تەستە قاقاس تاغلارنى
(قىيان ئېلىپ كەتكەن يوللارنى)،

كەلگىنىدە كېچە ـ كېچىلەر ــ
چارچاپ كەتكەن خىياللىرىڭنى
ياكى ئوبدان كۆتەلمىدىممۇ؟!

ياق، ياق،
چوقۇم بۇگۈن پوچتالىيونىنىڭ
ئاھ، جاپاكەش ئورۇق ئېشىكى
قورام تاشقا پۇتلىشىپ يولدا
قايرىۋالدى ئالدى پۇتىنى.
گەر قايرىلىپ كەتسىمۇ پۇتى
(ئىدارىدا بولغاچ ئىشتاتى)
تىللاپ مىنى ئىچىدە مىڭ رەت
ئەپ كېلىدۇ چوقۇم بۇ يەرگە
تۆت چاسا بولۇپ كەتكەن قەلبىڭنى.

بۇ كەنتتە
مەن بىلىمەن بىرمۇ كىشىنىڭ ــ
يوق شەھەرگە كەتكەن تونۇشى.
يوق بىرەرمۇ يېقىن تۇغقىنى
ۋەيا دوستى ۋەياكى ئوغلى...
يوق ساۋاتلىق بىرەر كېلىنى.
بار پەقەتلا يالغۇز ئىسىمىنىڭ
ئۇندا قالغان نازۇك تىۋىشى،
بىر گۈزەلنىڭ ياستۇق بېشىدا ــ
ئۇنتۇلمىغان شىۋىرلىنىشى...

1995 ـ يىلى، چىرا

# شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار

شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار،
بىلمەيسىلەر بۇ يەرنى بەلكى.
خەرىتىگە سىغماس بۇ جايلار،
ئەپسۇس ئانا زېمىنىنىڭ كۆركى.

يوق بۇ يەردە پارلىق بىر سىنىپ،
يوق بولغاچقا ئوقۇش بىناسى.
خىياللاردا قويساقمۇ سىزىپ،
جامال بەرمەس باغچا ئىزناسى.

يوق ئاسفالت مەيدانلار بۇندا،
بوغۇنلارنىڭ رۇخسارىدا چاڭ.
سېغىز، كۆمۈر ئىلغىماس دوسكا،
كەپ قالساڭلار قالىسىلەر تاڭ.

شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار،
تېرىمىسىلەر ئاشلىق، ياغلىقدان.
ئالدىڭلارمۇ بۇ يىلمۇ ھوسۇل —
پاختا بىلەن پىلدىن ئوبدان.

مەكتىپىدىن قاچقان باللار،
سۆھبەتلەرگە ئۈندەمدۇ كەچلەر.

تارتامسلەر سلەرمۇ بىزدەك،
دامبا، ئۆستەڭ ياساشقا چەكلەر.

شەھەردە كۆپ بوتۇلكا دېگەن،
ۋەزىپەڭلار تۇرامدۇ ئېشىپ.
كېمەيتمەيمىز جەرىمانىنى،
سولىياۋ، تۆمۈر ۋە ئۈچكە يىغىپ.

شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار
مەۋسۇمڭلار تامام تۈنۈگۈن.
كېلەر يىللىق كېۋەز يىرىگە،
توڭ ياتقۇزۇپ قايتىشتۇق بۈگۈن.

شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار،
ئېسىڭلارغا كېلەمدۇ سەھرا.
ئەھ، شۇ يەردىن سالام سىلەرگە،
ئوقۇتقۇچى ــ سالامدۇر گويا.

1995 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چىرا

# دېكابىردا تويى بولدى بىر قىزنىڭ

دېكابىردا تويى بولدى بىر قىزنىڭ،
ئېقىن بولدى چانىقىدا ئۈيۈل تاش.
نەزەرلەردىن ساقىت چىغىر يول ئارا،
يالپۇز كەبى ئۈنۈپ قالدى تامچە ياش.

دېكابىردا تويى بولدى بىر قىزنىڭ،
ۋەدىلەرنى سوراقلىدى جىگدىزار.
موخوركىغا يانپاشلىدى بىر يۈرەك،
ھەر سوقۇشى كەچمىشىگە ئىنتىزار.

دېكابىردا تويى بولدى بىر قىزنىڭ،
سۈرەنلىرى يەتتى ھەممە ـ ھەممىگە،
لېچەك قايرىپ كۈلدى ئۈپۈق، ۋە يەنە —
چاقتى چاقماق بىر چوققىنىڭ ئۈستىگە.

دېكابىردا تويى بولدى بىر قىزنىڭ،
چاچقۇ قىلىپ تامچە ياشنى ئۆزىگە.
كەتتى شۇ پەيت ئىسمى ئۇنىڭ ئالمىشىپ،
جاھاندىكى مەۋجۇت جىمى نەرسىگە.

# سالام دۈشەنبە

كەلدىڭ يەنە ئالدىڭغا مەڭدەپ،
خاتىرىلىۋال ئىستىرىلكاڭنى.
تەڭگىلىرىڭ ياتىدۇ ئەسنەپ،
بەردىم ساڭا ئىختىيارىمنى.

پەخىرلىكتۇر چاقلار بۇ نەپەس،
قورساقلانغان ئەمەل تۇرتكىدە.
كۆلكە ئۇنمەس تېلېفونلىرىڭدىن،
تۇغ لاۋۇلدار ئۇپۇق سەتھىدە.

كۆكلەپ تۇرماس باغرىڭدا شاۋقۇن،
يوللىرىڭدا تىننقلار شالاڭ.
ئىھ، تۆت چاسا قىزىل دۇنيادا،
كېلەچەكنىڭ ئۇستىدە پاراڭ.

يۇرۇپ كەتتى بۇ كېچەڭ يەنە،
سەيشەنبىنىڭ تېڭىغا ئۇچراپ.
كەتتى دىمە يەكشەنبىنى ھېچ،
شەنبە كېلەر ئارقاڭدىن قوغلاپ...

# كېچىدە ئايالنى ساقلاش

قانغا تولغان تۈت تام — تۈت دوزاخ
ۋۇجۇدۇڭغا سۆرەيدۇ قىيان.
چاينىۋەتكۈدەك كېلەر بىر كىمنى،
چىشلەك ئالماس تۇيۇلار شۇئان.

ھېس قىلسەن كۈچلۈك يەتكۈدەك،
جاھاندىكى جىمى نەرسىگە.
پولات بولۇپ ئۆزگىرەر مۇشتۇڭ،
پۇلاڭلاتقۇڭ كېلەر ھەممىگە.

چۆل - چۆل قىلغۇڭ كېلەر دۇنيانى،
غەزىپىڭدە پارتلايدۇ ۋولقان.
باش ئۇستۇڭدە چېقىلار چاقماق،
ئۇ كېلىدۇ ئاھ، ئاللىقاچان...

يېقىنلىشار مۇشتۇڭدىن بۇرۇن،
لەۋلىرىڭگە قويار كېكىرىپ.
سەن ئۆتسەن ھامان شۇتەرق،
كۈلكە بىلەن سەھەر كېرىلىپ...

# سەھرادىكى تېلېفونىست قىز

سەھرادىكى تېلېفونىست قىز،
سەن سەھرانىڭ قەدىمىي چۈشى.
سىملار ئارا كېلەر بۇ يەرگە،
كەلمىشلەرنىڭ نازۇك تۈۋشى.

سەھرادىكى تېلېفونىست قىز،
كۆرۈشتۈڭمۇ بۈگۈنمۇ يەنە
شەھەر بىلەن ئوچۇق ـ ئازادە.
نېمە گەپ بار دېھقان توغرۇلۇق،
نېمە ئىشلار بوپتۇ ئۇ يەردە.

كېلەمدىكىن تەكشۈرۈش يەنە،
ئارقىسىدىن قايسى باھالاش.
كۈتۈنۈشلەر قايتتى زاللاردىن،
ئۆسەمدىكەن ئىش ھەققى — مائاش.

سەھرادىكى تېلېفونىست قىز،
سوراپ باققىن بۇ يەرگە بۇ يىل
كېلەمدىكىن خىزمەتچى قىزلار،
كېلىشۋرىپ چەت دەپ، بەك تولا —
بويتاق بولۇپ قالدى ئوغۇللار.

قاچانلاردا كېلىدىكەن توك،
لازىملىقى يەنە قويمىكەن.
قاتناش راۋان بولىدۇ دەيدۇ،
قارارمىكەن ياكى ئويمىكەن.

سەھرادىكى تېلېفونىست قىز،
بىزمۇ شۇنداق ئاڭلىدۇق، راستمۇ —
چىقىپتۇدەك سىم يولىدىن چاتاق.
جەنۇبتىكى قاقاس تاغ ئارا،
جىمجىت بۇ يەر، ئۇزاقتىن - ئۇزاق...

1994 - يىلى، چىرا - بوستان



# بىرسى بار ماڭا تالىق بۇ شەھەردە

كۆزنەكلەر قارچۇقلارغا شۇنچىلىك باي،
بى ئۇمىد كەلگەچ بۇندا تالاي كەچلەر.
يۇلتۇزلار ھېيتلاپ يۇرگەن ئىھ، ئۇشبۇ جاي،
يۇرىكىم سىڭىپ كەتكەن قەدىم شەھەر.

مۇڭ سۆيگەن قارچۇق پەقەت بىرلا مېنىڭ،
نىشانى ھالقىپ ئۆتەر بىنالاردىن.
بىرسى بار ئۇندا شاھى ھېسلىرىمنىڭ،
مەيلىمنىڭ رايى كەلمەس بوتكىلاردىن.

ئىزدەيمەن تۇرۇپ ئۇنى بالكونىدا،
كېچىنىڭ تەشۇىشىدىن قورقىنىم يوق.
تىترەك بار بۇندىكى ھەر ئانىلاردا،
بىلمەن، ئۇنىڭمۇ ھەم ئۇيقۇسى يوق.

كىم ئۇ؟
ئېيتقۇم كەلمەس ئۆزگىلەرگە،
كۆزلەردىن نىچۇنكىن تاڭ قىزغىنىمەن.
ئى تەڭرىم، ئىنساب بەرگىن كۆڭۇللەرگە،
گەر شۇنداق بولسا قانچە تىرىلىمەن.

ھەر كۇنى باشلىنىدۇ گۇگۇم شۇنداق،
تاپالماي كۇندۇزلىرى يول ـ يوللاردىن.

كىرپىكىم جۇپلەشمەستىن ھەر سەھەرنىڭ،
تۆنشى كېلەر مەسچىت مۇنارىدىن.

تىت ـ تىت لىق ئارامىمدا قويماي تۇگەل،
خىيالىم تېنەپ يۈرەر رەستىلەردە.
بىلمەيمەن زادى قانداق ئۆچرىشىمىز،
بىرسى بار ماڭا تالىق بۇ شەھەردە.

1994 ـ يىلى، خوتەن



# بولماس نىچۈن بىللە ماڭغىلى؟

يۇلتۇزلاردىن كۆچمىگەن بۇ ئوت،
گۇگۇملاردىن باشلاپ يانغىلى.
ھەر بىقىشلىك خىيالىمغا دوست،
بولماس نىچۈن بىللە ماڭغىلى.

مەن ئالىمغان دەريادىن ھىجران،
قۇلاق يىرىپ دولقۇنلانغىلى.
يۈرىكىمنى ساقلىدىم پىنھان،
گۇۋاھ ئاڭا يەرۇ كۆك ـ ئاسمان،
بولماس نىچۈن بىللە ماڭغىلى.

1994 ـ يىلى، چىرا



# دەرد لىرىكىسى

ئادەم قىلىپ يارىتىپ تەڭرى،
يۈرىكىمنى بەرگىنىڭ قېنى.
توزۇپ كەتمە يىگىرمە يېشىم،
«كۆلكىلەر» گە بەرمەيمەن سېنى.

غىلجىڭ چاقنىڭ قىسمەتلىرىدەك،
ئىچ - ئىچىمدە ئاچچىق بىر ئاۋاز.
مەۋجۇتلۇقۇم ئەسەبىي جۇشتەك،
جۆيلۈشۈم كۆپ، مەۋجۇتلۇقۇم ئاز.

سەن كۆرمىگەن بۇ جۇشنى دادا،
قەدىمىڭنى ئالغان سۈكۈتتە.
بىر مىسرا بار، لىرىك بىر مىسرا،
هاساڭدىكى ئېگىلگەن دەردتە.

يۈرىكىمنى قويدۇم يىتتۈرۈپ،
ئاشۇ هاسا يۈرەك ئېهتىمال.
ئوخشايدىكەن مېنىڭكىگە دەل،
كەل سىردىشىم ئوبدان تونۇۋال.

# مېنىڭ دادام

دادام،
سىرى ئۆچكەن تاختاي دوسكىنى،
بېزەپ سېغىز ئۇۋاقلىرىدا
ئوت ياقدۇ
سەرەڭگىسىز ياتقان شاملارغا.
بەكمۇ يىراق، يىراق سەھرادا.

بەزىدە،
ئۆچكەن چوغنىڭ كۆمۈرلىرىدە،
ئوت قويدۇ
ئۇيقۇ شېخىغا.

دادام —
ئوقۇتقۇچى يىراق سەھرادا...

1994 ـ يىلى، چىرا

# مارت ئېيىنىڭ يىگىرمە بىرى

مارت ئېيىنىڭ يىگىرمە بىرى،
قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان ئاشۇ كەچ.
باش بېكەتتە ئاخىرقى تاكسى،
كىرا تىلەپ سىگنالى كېكەچ.

شاۋقۇنلىرى توزۇغان كوچا،
شۇ ئاپ قارغا تاشلاپ قويۇلغان.
سۈكۈت باسقان غۇۋا دوقمۇشتا،
ئىككىمىزلا قورۇنۇپ تۇرغان.

قېيىدىششىنىڭ چېكىنى سۆيلەپ،
نېپىزلىككە سانجىلغان نەشتەر.
ئىه، ئەتراپىنىڭ تىنچلىقىن تىلەپ،
تىترىگەنتىڭ ئۆزۈڭدىن بەتتەر.

كىم ئۇ باشتا شەپىدىن ئۈرككەن،
قۇچاقلاردا لەرزىن پاناھلىق.
سەن ئىدىڭغۇ كۈلۈپ ياش تۆككەن،
«كەچۈر مېنى» دېگىنىڭ تاتلىق.

ئۇلىپ كەتكەن قارلار شۇ نەپەس،
قىشمۇ باھار بولغان شەھەردە.

ئۈمىد بىلەن يېقىنلاپ تاكسى،
خورسىنىشتا كەتكەن ۋە يەنە.

ئالەمچە دەرد قالدۇرۇپ ماڭا،
كۆرۈنمىدىڭ شۇنىڭدىن بېرى.
بولۇپ قالدىڭ مەڭگۈ ئەستىلىك،
مارت ئېيىنىڭ يىگىرمە بىرى.

1995 ـ يىلى، چىرا



# سالام، ئۈرۈمچى

چۈشۈمدىكى مەۋجۇت رېئاللىق،
نەچچە سوتكا يۈز ئاچتى سەندە.
كەچۈر مېنى ئە، رەڭدار شەھەر،
زاغرا ھىدى توزۇيدۇ مەندە.

چىغىرلارغا كۆنۈك قەدىمىم،
تاشلانغاندا باغرىڭغا تېنەپ.
كۆرسەتكۈچسىز سەھرا يولىنى،
يۈرىكىمدىن قويدۇم پەپىلەپ.

ئوخشاتسامۇ قالدى ئوخشىماي،
بىنالارنى پاكار ئۆيلەرگە.
بولدۇم يەنە چۈشكە قايتقاندەك،
گۇمان بىلەن باقتىم ئۆزۈمگە.

«يەكشەنبىمۇ بۇ يەردە ھەر كۈن»،
ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىم پىچىرلاپ.
سەھرادىكى ساتىراش بوۋاينى،
چوقۇم ساڭا قويىمەن چىللاپ.


ئاھ، ئۇنتۇلۇپ قالدى نەچچە كۈن،
كۆز ئالدىمدىن ئېشەك ھارۋىسى.

كەچۈر مېنى مېھرىبان شوپۇر،
كەچۈردۈممەن «يانچۇقچى» تاكسى.

باش لىڭشىتقىن سۈرەتچى قىزچاق،
باشلاپ باراي سەھراغا سېنى.
چېلىقمىدى كۆزۈمگە بىر رەت،
قېتىق ـ قايماق بازىرلىك قېنى.

سالام ساڭا يۇلتۇزلۇق شەھەر،
مەن سەھرادىن كەلدىم بۇ يەرگە.
بەر ئىجازەت، ياناي
سېغىندىم —
قەلبىمدىكى ئاۋات شەھەرگە...

1996 ـ يىلى، ئۈرۈمچى



# يەر ئاستى سودا شەھەرچىسى

سەن،
نەچچە ۋاقىت تاپماي ئارامىلىق،
مومام ئېيتىپ بەرمىگەن چۆچەك.
ناتونۇشسەن مېنىڭ كەنتىمگە،
«ئاكام» يازغان تۇتۇق شېئىردەك.

ئاھ، كىرگىلى ئۇنارمۇ ساڭا،
باشلاپ كەلسەم بوۋامنى ئەگەر.
تېپىلارمۇ ماڭىمۇ بوتكا،
ئېلىپ كەلسەم... تەلپەككە قەدەر.

سەھرادىكى ساددا دوستلىرىم
خەجلىمەڭلار ئوتتۇن پۇلىنى.
تېپىپ چوقۇم بىرەر تەرجىمان
بۇ يەردىكى سودا شەھرىگە
ئەكىلىمەن چوقۇم سىلەرنى،
كۆرسىتىمەن ھەممە ـ ھەممىنى.

1996 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# پويىز

ئېكرانلاردىن چىقتىڭ قاچاندا،
پەيدا بولدۇڭ ئالدىمدا بىردىن.
چولاڭ يوقمۇ سەھرا تەرەپكە،
سالام ئېلىپ كەلدىم ھەممىدىن.

بىرىپ قالساڭ سەھراغا ئەگەر،
ئەگىشەرمۇ گۆدەكلەر توپ - توپ.
ھېيقارمۇ مومايلار سەندىن،
ئالدىراشتا سۇرىنى بۇزۇپ.

كۈلۈشەرمۇ تەنتەك يىگىتلەر،
كۆزنىكىڭدىن سىلكىنگەندە قول.
ئۈمىد بىلەن باقارمۇ ئاپام،
كېلىپ قالساڭ كۆڭۈلگە ئۇدۇل.

رىۋايەتتەك ئېشەك ھارۋىسى،
ھەستىدە كۆتۈرەرمۇ چاڭ.
يۇلغۇنلارنىڭ قىزىل چۇشگە،
قېتىلارمۇ ھەيۋەت بىر ئاھاڭ.

# چۈش خەنجىرى

ئالۋانلارغا ئەمەك بولغان يالغانچى بەخت،
باياۋاندەك كۈتۈشلىرىم سەنگۈ ئېھتىمال.
مەۋجۇتلۇقۇم دەملەر ئۈچۈن كۈلۈشۈمگە زىت،
ئويلىرىمدا تەبىرىنى كۆرسەتمەس ۋىسال.

چوققىلاردەك مانان تامان سادىق ئىنتىلىش،
تومۇرۇڭغا ئويۇپ قويغان ئىسمىمنى ھالال.
نېمىش قىلسۇن بۇلۇتلاردا سەندەك سىلكىنىش،
ۋۇجۇدۇڭدىن ئۆچتى قۇياش، كۆچلىنىپ زاۋال.

سېنىڭ بىلەن پۈتكەن تارىخ بوپ قالدى ئارخىپ،
قاغىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ.
چۈش خەنجىرى تىغ سالدۇ روھىمغا قايرىپ،
تاپالمىدىم ۋىسالغا سۆز ئالەم ئاختۇرۇپ.

1996 - يىلى، خوتەن

# ئستوۇدېنتلارنىڭ ئاخىرقى دەملىرى

بەربىر كېلىدۇ شۇ ئىيۇل كۈنى،
نامەلۇم بىر سەھەر كېكىرىدۇ مۇڭ.
ئاڭلايسەن «خوش» دېگەن ئۇستاز سۆزىنى،
ئاھ، ئاڭا تەكرارلاپ سوزۇلار قولۇڭ.

تورلىشار كۆز ئالدىڭ، چانقىڭدا ياش،
سىغمايدۇ لېۋىڭگە زەررىچە كۈلكە.
تەقدىرنى تىللايسەن ـــ ئەجەب باغرى تاش،
ئېسىڭگە سىغمايدۇ يۇرتلاشقان تۈنلە.

قارايسەن ئەڭ تونۇش چىرايلارغىمۇ،
تامچاڭغۇ كۈي ئارا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.
ئېسەدەش ئۆكسۈشكە گۈلخان ياقىدۇ،
جىسمىڭنى يالمايدۇ ئەسەبىي قوچاق.


سۆز قىلماق بولسەن سۆزلىيەلمەيسەن،
دەلمۇ دەل سوراق بوپ قاتسا پەرىشتە.
نىچۈنكىن، بەزلەشكە پېتىنالمايسەن،
(مەنە شۇ ئويلىماي ساددا كۆيۈشتە).

سىلكىنسە ئاپتوبۇس گۈركىرەپ بىردىن،
بىلمەيسەن مەۋجۇت يا، ئەمەسلىكىڭنى.

بىلسەن پەقەتلا يوقىتىش بىلەن،
خوش دېگەن سۆزنىڭمۇ ئۇلۇغلۇقىنى.

ئاھ، شۇندىن باشلىنار چۇشلىرىڭ تامان
قىنايدۇ باغرىڭنى ئىلاھىي جۇپ كۆز.
ئورنايدۇ مەڭگۈلۈك قۇلاق تۈۋىڭگە
«خەير ـ خوش، خەير ـ خوش» دېگەن بىرلا سۆز.

1996 ـ يىلى، چىرا



# كەمتۈك تەرجىمىھال

مەن تويى قىلغان ئۈچ يىلدىن بېرى،
لەيلەپ تۇردى باغرىمدا چاڭقاش.
ئىھ، ئايالىم يىراق سەھرادا،
ئالقىنىغا تېمىپ تۇرار ياش.

بار بۇ يەردە نابورچىك قىزلار،
بىلىق ئۇلار، بەكمۇ شىتىلە.
توشقان بولۇپ تۇرساممۇ بى ئۇن،
قارماقچى ئۇ دېيىشەر يەنە.

دۆۋە - دۆۋە ھەرپلەر ئارا،
يەتكىنىدە ھارغىنلىق ماڭا.
كۆلۈمسىرەپ كۈتىدۇ شېئىر
چاي سۇنىدۇ تۇرۇۋا ئاپپاق،
ئايالى بار بويتاقمەن گويا.

ئىكاھىمدا بولمىغان بىلەن،
رومكا بىلەن ياتىمەن كېچە.
كۆز ئالدىمدا توي باغاقلىرى —
رەتلىنىدۇ يېشىل ۋە قىزىل
مۇساپىرمەن تۇغۇلغان يەردە.

جەنۇبتىكى ناھىيە بازىرى،
سېمىز ـ سېمىز باشلىقلار تولا
شېئىر نېمە، بىلمەيدۇ ئۇلار.

بار بۇ يەردە نابورچىك قىزلار،
مەن ئۆزۈمدىن ئالالمايمەن باش
ئايالىمنىڭ ئالقىنىدا ياش.

كىملەرنىدۇر، بولۇۋېلىپ مەست،
(ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ)،
ئەڭ سەممىي سۆزلىرىم بىلەن
يۈز تۇرا باردۇر تىللىغۇم.
يېپىلدى قىش يەنە بۇ يەرگە ،
قېنىپقىنە كەلدى يىغلىغۇم...

1996 ـ يىلى، چىرا



# ئۇيغۇر قىزى

ئۇ كېلەر،
شاپاشلاپ يۇگۇرەر قۇياش كەينىدىن،
ھەددىدىن كائىنات ياتار بولۇپ مەست.
تانماقچى بولسەن ئادەملىكىڭدىن،
ئاھ، ئۇنى ئەيمىنىپ يانداپ ئۆتمەك تەس.

ئۇ كېلەر،
بوي سوزۇپ ياپراقلار شۇئىرلار يېنىك،
بۇلاقلار كېكەچلەپ توختار بىر نەپەس.
كۆڭۈلنىڭ كوزۇپى ئارتىپ مەۋھۇم يۈك،
كۈلكىلەر بىمەھەل رايىڭغا كۆنمەس.

ئۇ كېلەر،
شامالىلار ئىزىنى يۇرۇيدۇ ئۆپۈپ،
چوققىلار قەددىنى رۇسلايدۇ بەس - بەس.
بىر جۇپ كۆز — بىر جۇپ نۇر قايرىلسا كۈلۈپ،
يۈرەكلەر كۈن - تۈنى سوقار ئېگىز - پەس.

ئۇ كېلەر،
باش ئۇرار ئەزرائىل ئاياغلىرىغا،
ئوكيانلار ساچىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەس.

تېۋىنار تۆت پەسىل قىلىقلىرىغا،
ئۇ لىرىك مۇزىكا، مەڭگۈ ئۈزۈلمەس...

1995 ـ يىلى



# كۆكلەم شەرھى

(1996 ـ يىللىق نورۇزنامە)

سالام كۆكلەم پەسىل ئەركىسى،
سالام نورۇز، باھار ئەلچىسى.
ئوتلۇق ئىلھام ئاقار سەن تامان،
بۈگۈن سەنچۈن شادلىق نەزمىسى.

كۆرگۈسى يوق كىمنىڭ، سەن ئارا،
يۇلغۇنلارنىڭ چېچەكلىشىنى.
كىم كۈتمەيدۇ يۇرتۇم باغرىدا،
گۈل ـ گۈللەرنىڭ پورەكلىشىنى.

سېنىڭ بىلەن گۈلگۈن سەھرايىم،
ئايىنتىسەن دېھقان تەرىنى.
مەكتىپىدىن قاچار باللار،
سېغىنىشتا بېدە كۆكىنى.

كاككۇكلارنىڭ يىتكەن ئاۋازى،
تىنىقىڭغا تەقلىدىي قەدەم.
قىرۋۇلارغا ئالمىشىپ سەھەر،
يېۋىدەكلا پورەكلەر شەبنەم.

سەبىيلەرنىڭ ئىسسىدە تېخى،
ئۆتكەن يىلقى كېپىنەك چۈشى.
سەھرادىكى ئوماق قىزلارنىڭ،
ئوسما دەپلا سىلكىنەر قېشى.

قىر ـ قىرلارغا ئاقىدۇ ئەگىز،
سۇگگۇچلەردە يېشىل سەلكىنىڭ.
ئاس قىزچاقلار غازاڭ چېچىگىنى،
ياساپ بىرەي بولمىسا ۋاقتىڭ.

يېڭى كېلىن جامالى ئوخشاش،
ئېچىلىدۇ ئانار چېچىكى.
ئېچىلىدۇ جىمى كائىنات،
ئېچىلغاندەك شائىر يۈرىكى.

سالام كۆكلەم، مىسرالىرىمغا،
ھېسلىرىڭنى سۇردۇڭ لاك قىلىپ.
كەتمە بۇندا تۇرۇپ قال ئۇزاق،
مەيلى يېرىلسا ـــ
ھاياجاندا يۈرەك «ۋاك» قىلىپ...

# سالام، مۇئەللىم

ئىھ، غايىۋى بەخت ئىچىدە
شادلىق چىرماپ تۇرار چېھرىڭنى.
يولغا ئوخشاپ قالغان سەھرادا
مىنەلمەيسەن ئەرزان موتوسكىلىت
خورسىنىشتا سىلاپ يېنىڭنى.

ئېغىر كەلمەس ساڭا ھېچ قاچان
تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئويغىنىپ
توپا كېچىپ بالا قىچقىرىش.
ھۆل ئوتۇنغا تۇتاشمىسا ئوت،
يول - يوللاردىن شاخ - شۇمبا تېرىش.

كېۋەزلىكلىك دېھقاندىنمۇ جىق،
تېزەك تېرىپ يۈرەر باللار.
ئاھ، ئازغىنا ئىش ھەققىڭنىمۇ،
«كەم مەھسۇلات» تاتىلاپ تۇرار.

سالام مۇئەللىم،
ئېغىر كۆرمە كەلگىن ئۆيۈمگە،
دۆۋىلەندى مىڭلاپ بوتۇلكا.
بىرنۆۋەتەي ساڭا سانىماي،
مەي ئىچمىسۇن ئەمدى باللار.

سالام مۇئەللىم،
كەتمىنىڭنى چاپساممۇ رەت ـ رەت،
ھېچ بىر كىمگە يەتمەي قويدى ھال.
ئىھ، تېلېفونسىز كېچىلىرىڭدە
(بولۇپ قالسۇن ئازراق تەسەللى)،
سەن شەھەرنى قىلغۇال خىيال...

1996 ـ يىلى سېنتەبىر



# سالام، دادا

(قەدىردان دادام جاپپار مۇساغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

سالام دادا،
كىرگەن چېغىڭ ئاتمىش يېشىڭغا،
بىلدى بالاڭ سالام بېرىشنى.
كىرگىنىڭدە سۈرلۈك بالىنىستقا،
ھەم ئۆيلىدى دوختۇر بولۇشنى.

سالام دادا،
سەن تولىمۇ يىراق سەھرادا،
ئەڭ ئۇلۇغ، ئاھ «پىخسىق» مۇئەللىم.
ئالالمايسەن ئىككى كىلو گۆش،
تېجىمسەڭ مائاشنى دائىم.

باشقىلارغا دېگەن يېرىڭدىن
ئاڭلاپ قايتتىم ھېلى بۇ گەپنى —
دوختۇر قىلسام بوپتىكەن ئەسلي،
دولقۇن دېگەن ئەركە، تەنتەكنى.

ئۇ قورقمايتتى ئېغىر كۈنلەردىن،
قورقمايتتى ھەم جەسەتتىن، قاندىن.

باش دوختۇرغا بېرىپ قايتتىمغۇ —
ئاشقىنىنى ئوكۇل، كارىۋاتتىن.

سالام دادا،
مۇئەللىمنىڭ بارى - يوقى شۇ —
بىلىم، شەرەپ، ھۆرمەت، ئۇلۇغلۇق.
بىساتىڭ يوق سېتىپ تۇرغىدەك،
ئېغىز ئاچما مېلىڭ توغرۇلۇق.

دوختۇر بولغان بولسام ناۋادا،
سورىمايتتىم سەندىن ئانار، پۇل.
ئانار يۇرتى بولسىمۇ يۇرتۇڭ
بېغىڭ يوققۇ كىرگۈدەك ئۇدۇل.

رەنجىمەيمىز سەندىن ھېچقاچان،
بىزنى نىچۈن باقتىڭ غورىگىل.
رەنجىمەيمىز ئورمىنىڭ يوقمۇ،
ئاپارساڭمۇ ياغاچقا تۈگۈل...

سالام دادا،
نېمىسى بار ئوقۇتقۇچىنىڭ،
مۇدىرىگەنگە يازۇ ھەم قىشى؟
كىرگىنىڭدە سۇرلۇك بالىنىستقا،
ئويلاپ قالدىم دوختۇر بولۇشنى!

1996 - يىلى ئۆكتەبىر، خوتەن

# بۇ يەردە...

بۇ يەردە
توزغاق كەبى دوستلۇق رىشتىسى
يىلىنجايدۇ كەيپىلىكىڭدە.
جەننەت بىلەن دوزاخ چېگراسى
ئايرىلمايدۇ بىر رومكا مەيدە.
ئايرىلدۇ پەقەت ۋە پەقەت
قارچۇقلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن،
بىرلا گۈزەل نازىنىن قىزدا...

1996 ـ يىلى، چىرا



# تويۇق بولغان كۈن

بۈگۈن
مەن ئاڭلىدىم يىراق كەنتتە،
«شەھەردىكى كاتتا رېستوران —
كۆمۈلگەنمىش دەستە گۈللەرگە...»

ئاپپاقىنا قار سۆيگەن يولدا
جۇپ گەۋدىگە ئارتىلغان دۇنيا
سەن بىلگەنمۇ قارنىڭ ئۈستىگە
قار يېغىشنى قايتىلاپ بۇندا.
قاچانلاردا قالدىڭ ئۆگىنىپ،
چېكىشىڭنى ئاچچىق موخوركا.

دىر - دىر قاقشال بولۇپ كەتكەن سىدە،
(جىگدىلىك يوق ئىدى شەھەردە)
سەن بىلگەنمۇ ئۆزگىلەرگە، ئاھ —
كېتەرىنى بەخت رەسىدە.

سۆزۈككىنە قوناق ھارىقى،
پىۋىلاردەك چېچەكلىمەيسەن.
ئوخشاپ قالدىڭ سەنمۇ ماڭىلا،
باھارىڭنى تا... كۆرەلمەيسەن.

يالغانلار كۆپ، يالغانلار تولا،
قار، شۋىرغان، سېدە، مۇھەببەت.
بىر رومكا مەي، سۆيۈملۈك بوتكا
سەنمۇ يالغان قىلالمىدىڭ مەست.
يۈرەك، لەۋزە بەربىر ئوخشاش،
ھەقىقەتتۇر شېئىرلا پەقەت.

شەھەردىكى كاتتا رېستوران،
كۆمۈلگەنمىش دەستە گۈللەرگە.
مەن تولىمۇ يىراق سەھرادا
ئارمانلاردا تىزغان گۈلۈمنى
كۆمۈپ قويدۇم «يالغان» قەلبىمگە
كۆمۈپ قويدۇم بىر رومكا مەيدە.

1996 ـ يىلى، چىرا



# يىراقتىكى قىز

مۇزىكسەن، يىراقتىكى قىز،
مەن ئاڭلايمەن سېنى سەھرادا.
ئولتۇرسەن قەلبىمگە مىنىپ،
سېغىنىشىڭدا ياساپ بىر رومكا...

گۈل ئەمەسسەن (پۇراپ باقمىدىم)،
باھار دەيمەن سېنى، مىڭ باھار.
پوچتالىيون بەرگەن مېھرىڭدە،
مۇزدەك خانەم چوغ بولۇپ يانار.

يىراقتىكى ئېھ، شىتىلە قىز،
قار ياغقاندۇ بەلكىم شەھرىڭدە.
بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ
قۇرۇپ كەتتى گۈللەر مېنىڭدەك
(بولمىغاچقا سۈنئىي گۈل بۇندا)
ئەۋەتمىدىم يەنە گۈلدەستە.

شېئىر يازدىم پەقەتلا شېئىر
ئەڭ ئاخىرقى قۇتلۇق كۈنۈڭدە
ئەڭ ئاخىرقى بوغۇق ئۈنۈمدە.

موخورىكسەن يىراقتىكى قىز،
بىلەلمىدىم چېكىشنى ئەسلا...

1996 ـ يىلى

# سالام ساڭا، دېھقان بالىسى

ھايات — بۆشۈك، قەبرە ئارىسى،
كېلىپ - كېتەر كارۋان ھەممىسى.
سەبىي دېمەك كۆزنىڭ قارىسى،
سالام ساڭا سەھرا بالىسى.

يالاڭ ئاياغ، قولدا تاياق،
پادا باقار ئۇزاقتىن - ئۇزاق.
سەن مەكتەپسىز، باغرىڭدا پىراق،
سالام ساڭا سەھرا بالىسى.

ئاتاڭ يوقتۇر تېرىپ، ساتقۇدەك،
ئاناڭ يوقتۇر كۆلۈپ باققۇدەك.
مەكتىپىڭ يوق سېنى تارتقۇدەك،
سەن يېتىمسەن دېھقان بالىسى.

قىلالمايسەن زاغرىدا ناشتا،
نېسۋەڭ بار تۇرۇپ قۇياشتا.
بىرەلمدۇق سەن ئۈچۈن بوقچا،
كەچۈر بىزنى سەھرا بالىسى.

ئاق تۆگەتتى تاپقىنىمىزنى،
قىمار يېدى ساتقىنىمىزنى.

كۆر مەست بولۇپ ياتقىنىمىزنى،
كەچۈر بىزنى سەھرا بالىسى.

چۈشلىرىڭدە بىزنى كۆرگەنسەن،
رېستوراندىن خىيال سۈرگەنسەن.
ھەشەم تويغا نېمە دېگەنسەن،
كەچۈر بىزنى دېھقان بالىسى...

1996 ـ يىلى، چىرا ـ ئۇلۇغساي



# ئەتە شەنبە

ئەتە شەنبە، شەنبە ھەممىگە،
ئىللىق چىراي دوستقا، ئاداشقا.
ئىشخانىغا بەند بوپ كەتكەن،
گۈلدەك كۈلۈپ چىقار قۇياشقا.
يەكشەنبىدە سېتىلماق ئۈچۈن،
پارنىكدىن قاچقان ئوتياشقا.

ئەتە شەنبە، شەنبە ھەممىگە،
چىملىقلارغا، رەڭلىك ئاپپاراتقا.
مۇئەللىم بوپ قالغۇڭ كېلىدۇ،
ئۆيۈڭدىكى كەپسىز، ئوماققا،
باشلىقىڭدەك ئاڭلىنار گاھى —
قېيىنئاناڭنىڭ گېپى قۇلاققا.

ئەتە شەنبە، شەنبە ھەممىگە،
نەدە ۋاقىت شېئىر يېزىشقا،
قەلەم، ئۈستەل، قۇلاققا بايرام،
چۈنكى شەنبە بىزنىڭ باشلىققا.
ئۇيقۇ لەززەت سۇنار جىلمىيىپ،
پوپايكىغا باغلانغان يىپقا.

ئەتە شەنبە، شەنبە ھەممىگە،
قانات چىقار بۇندا باغاققا.
قىزدەك قىسسىپ ماڭار مەيپۇرۇش،
شەھەر كۆچۈپ كىرسە قاۋاققا.
دېھقان كەتمەن بىلەپ ئولتۇرار،
شەنبە يوقتۇر ئېتىزغا ـ قاشقا.

شەنبە ـ شەنبە تالاي شەنبىلەر،
چاڭ توزۇتار رەت ـ رەت كىتابقا.
جاڭگال چۈشەر دېھقان بالىسى،
«ۋاقىت يوق» تۇر شېئىر يېزىشقا...

ئۇل سالماقتا شىكەر شەنبىلەر،
سەكراتتىكى بىر تامچە ياشقا.

1996 ـ يىلى، چىرا



# سۆيۈش

يۈرىكىم بىلەن —
سۆيدۈم مەن سېنى،
سۆيىمەن شۇنداق
لەۋلىرىڭدىن چىققۇچە تا قان
ۋۇجۇدۇڭدىن چىققۇچە تا جان.
بولمىسا
سۆيۈش ئەمەس ئۇ —
بەلكى
تۆكۈرۈش.

1996 - يىلى، چىرا



# يۇرتۇم

باغ ـ باغرىمدا غەليان قىلار تۇز،
پەي توزۇتۇپ بارار قانىتىم.
قان چېچىشتىن باتنايدۇ يۈرەك،
كۆيلىمىسەم سېنى مىڭ قېتىم.

شۈرغانلىق خىياللىرىمنى،
چوغلىتىدۇ خىيالىڭ گۆپ ـ گۆپ.
قۇشقىچىڭ مەن باغرىڭدىن ئۇچقان،
شاخلار ئارا بۇقۇلداپ، ئۆكسۈپ.

مەندە سېنىڭ ھەممە نەرسەڭ بار،
سەندە مېنىڭ ھەممە نەرسەم بار.
ئاھ، قىسماقسىز ھايات بار سەندە،
سەندە ياغار پەقەت ئاپپاق قار...

1996 ـ يىلى، چىرا ـ دامىكۆ

## مەرھابا نورۇز

قەدىمگىگە مۇبارەك نورۇز،
ھېسلىرىمنى چەكتىڭ ئاۋايلاپ.
ئېرىپ كەتتى باغرىمدىكى مۇز،
باھار سۆيلەپ، قىشنى سوراقلاپ.

تويى بولدى زېمىننىڭ بۇدەم،
ھۆرى ـ غىلمان كەبى ياساندى.
ياتلىق بولدى باھار ھەسەتتە —
ئەگىزلەرنىڭ كۆزى ياشلاندى.

ئېتىز ـ قىردىن يۈز ئاچتى كۆكلەم،
چېچەك ئاچتى گۈل ـ گۈللەر تۇتاش.
ئۈششۈك تېگىپ يىقىلغان كۆزدە —
ئورمانلاردىن باش ئالدى قۇياش.

سۇمبۇل چاچقا ئالماشتى چۈۋىق،
سۆيگۈگە باي چوكانتال پەسلى.
قىن ـ قىنىمغا پاتمىدىم بۇ دەم،
مەن باھارغا ئاشىقكەن ئەسلى.

# ئاشكارىلاش

سېلىۋەتتىم كىيىمنى پۈتۈن،
ئىھ، ئادەملەر قاچماڭلار مەندىن.
زوق - شوق بىلەن قاراڭلار ماڭا
سىنچىلاڭلار ھەممە - ھەممىنى
كۆيدۈردۈم ھەم بارچە كىيىمنى
تېپىش ئۈچۈن قايتا ئۆزۈمنى.

مەن مۇشۇ
ئورۇق - سېمىز چېگراسىدا دەل،
سىنچىلاڭلار ھەممە يېرىمگە
كۆرۈڭلار ھەم تەبىئىيلىكىمنى
قىزلار يىغىپ كەتكۈچە تۈگەل.

مەن ئادەممەن مەن يەنە دولقۇن،
قايتا كىيىم كىيگەنگە قەدەر...

1997 - يىلى، چىرا

# قىز تۇغۇلدى

قىز تۇغۇلدى، يۈرەك تۇغۇلدى،
ئۆيىلىشتا قىزاردى قۇياش.
مۇھەببەتكە قانمىغان دۇنيا،
گۈل - گۈللەرنى سىلكىنتتى تۇتاش.

قىز تۇغۇلدى بىر باب تۇغۇلدى،
يېپىلمىغاچ سۆيگۈ قامۇسى.
قىز تۇغۇلدى ئازاب تۇغۇلدى،
ئاۋۇپ قالدى يۈرەك يارىسى.

قىز تۇغۇلدى كۆيەك تۇغۇلدى،
قىز تۇغۇلدى سۆيەك تۇغۇلدى.
ئۇدۇملارنىڭ ئۇلىنىپ تېڭى،
چوقۇم بىر كۈن تىترەك تۇغۇلدى.

قىز تۇغۇلدى ھايات تۇغۇلدى،
مۇھەببەتكە قانات تۇغۇلدى...

1997 - يىلى، چىرا

# تېلېفون تېنى

ھېلىلا سېنىڭدىن كەلدى تېلېفون،
شۇندىلا تېلېفونغا كەلدى ھەۋىسىم.
گەرچە مەن كۆرۈشمەك ئىستىمىسەممۇ،
يۈرىكىم قۇش بولۇپ ئۇچتى بىر قېتىم.

مەن ئۇنى سىلىدىم ئاستا ئاۋايلاپ،
ئىھ، يۇمران كۆكسۈڭنى سىلىغان كەبى.
ئۇستىلىم كۆز يۇمدى، (سەزدىم، سەزمىدىم)،
تىترىدى سېنىڭدەك تېلېفوننىڭ تېنى.

مەن سېنى باغرىمغا باستىم يېنىشلاپ،
توزۇدى قەلبىمدىن ئالتە يىللىق دەرت.
گويا بىر سىم بولۇپ يۆگەشتىڭ ماڭا،
جۇغلاندى بۇ يەرگە بارلىق ھەقىقەت.

تاپشۇردۇڭ ھەممىنى ئىختىيارىمغا،
يۈز بېرىش ئالدىدا كاتتا مۆجىزە:
ۋادەرىخ! چېكىلدى ئىشىكىم دەھشەت
ۋە كىردى ياشانغان نابورچىك ئايال
تېگىرقاپ قالدى ئۇ ئىشىك تۈۋىدە.

تېلېفوننى باغرىمدىن ئاجراتتىم ئاستا،
مۇزلاشقا باشلىدى ئىشخانام قايتا...

1998 ـ يىلى، چىرا

# بوستان تۇغۇندىلىرى

(سېكىل)

## بوستان*

بوستانسىز تاغلىرىڭ قۇتلىدى مېنى،
بوستانسىز باغرىمنى بارسام ھاپاشلاپ.
بوستانسىز قىزلىرىڭ كەتتى قەيەرگە،
ھەممىسى بوستان چاچ قىرىق تال تاراپ...

سىر داشتىم ئۈيچان، پاك تاغلىرىڭ بىلەن،
بالامدەك يالىڭاچ بولدۇم سۈيۈگدە.
تونۇشتۇم باھاردەك تاغلىرىڭ بىلەن،
ملىڭ جىلۋە ئەكسى بار ئۇماق ھۆسنۈگدە.

لەۋلەشتىم كەچلىرى يۇلتۇزۇڭ بىلەن،
چوققاڭدا باغرىمنى يايدىم ناخشىلاپ.
ئىھ، كۆجۈم مەھەللەڭ گۈگۈم قوينىدا،
ھېسسىمنى دالدىغا تارتتى باغاشلاپ.

مەن ساڭا، سەن ماڭا سىگدىڭ ئۆز بىلىپ،
مېھرىڭدىن ۋۇجۇدۇم سىلكىندى بىر رەت.
نە ئۈچۈن كۈلگەنسەن ئاھ، ساھىبجامال،
دەرد بەردىڭ سەن ماڭا دەرد ئۈستىگە دەرت.

## قولتۇقۇڭدا* قوندۇم بىر كېچە

كېزىپ بوستان سېخىي تېنىڭنى،
لەززەت تاپتىم بۈگۈن باشقىچە.
مەھلىيا بوپ نازىلىك جىلۋەڭگە،
قولتۇقۇڭدا قوندۇم بىر كېچە.

يورۇپ كەتتى كۆڭلۈم سەھەردەك،
تورۇسۇڭغا كۆنۈپتۇ لامپا.
كۆنۈپ كەتتىم، غىرىبىلىقىمنى
سىلكىۋەتكەن قويچى راۋاپقا.

بوستان مېنى بىلدىڭ ئۆز، ئامراق،
قولتۇقۇڭدا قوندۇم بىر كېچە.
قانداق قىيسۇن كۆزۈم قىرلاردىن،
سەھەر تېخى گۈزەل باشقىچە.

## مۇھەببەتجان

(بوستان يېزىسىنىڭ ئاقتۇز كەنتىدە 95 ياشلىق مۇھەببەتجان بوۋاي بىلەن كۆرۈشتۈم)

باغرىمدىن ھاياجان توزۇدى پۇر - پۇر،
توقسان بەش يېشىڭنى بىلگەندە بوۋا.
سۆيۈندۈم بەردەم، شوخ، تېتىكلىكىڭدىن،
سەنچىلىك مەشرەپكە چۈشمىكىم... توۋا.

مۇھەببەت دېدىگەن ئىسمىگنى كۆلۈپ،
ئېغى يوق ئوغلۇگنى قىلدىگەن ئىما.
لىپپىدە قىزارتتى سەپەردىشمىنى،
كۆمەچ، سۈت، باچكىنىڭ پۈرىقى يانا.

سۆيۈندۈم ھاياتقا مۇھەببىتىگدىن،
چېھرىگدىن ھەممىگە ياغار مۇھەببەت.
ئوڭ قولۇڭ تاغلارغا قىلدۇ ھەيۋە،
سول قولۇڭ كۆچىدە دەريالىرىڭ لەت.


ياشاپ كەت شۇ تەرز مۇھەببەت بوۋا،
غۇرۇردىن بىر قوۋۇز* بەرگىن ئۆتۈنەي.
بوستانىنىڭ سوۋغىسى، ئەگگۈشتەرى دەپ،
مەن ئۇنى سۆگەكسىز «دوستلار» غا بېرەي.

## دۆگباغ* ئەسلىمىسى

بىر سوتكا دىدارى بولدۇم مۇئەللەق،
ئۇنۇتتۇم ھەممىنى بولدۇم شىركەيپ.
سىلكىندىم لەززەتلىك دۆڭ باغلىرىگدا،
(يىگىتكە كەيىپلىك ئەمەسقۇ ئەيىب).

مەن كۆرگەن باغلار كۆپ، دۆڭ باغلار تولا،
سەن ئاشۇ باغلارنىڭ سەر خىلى، گۈلى.
باغلاردا ئۆتسىمۇ نەۋقىرانلىقىم،
مەن بولدۇم تۈنجى رەت باغلارنىڭ قۇلى.

دەل شۇ كۈن بىر سوتكا، بىر دەقىق گويا،
ئېھ بوستان، بوستانلار بارماقلىرىمدا.
ئەسلىمە قانچىلىك بولسۇنكى تاتلىق،
ئەڭ تاتلىق ئەسلىمەم دۆڭ باغلىرىڭدا...



* بوستان ــ چىرا ناھىيەسىنىڭ تاغلىق يېزىسى.
* قولتۇق، دۆڭباغ ــ بوستان يېزىسىدىكى كەنت نامى.
* قوۋۇز ــ بىر ئاز، ئازراق دېگەن مەنىدە.

# غېرىبلىق قەلبىمنى باسماقتا لەپ ـ لەپ

غېرىبلىق قەلبىمنى باسماقتا لەپ ـ لەپ،
رېئاللىق پەقەتلا تېنىمنىڭ شەكلى.
مۇئەللەق مېنىڭچۇن ئۇچىنچى قەۋەت،
پەشتىقى يۇرىكىم ئىكەنغۇ ئەسلي.

كىملەردۇر كىيىشكەن نالىلىق ئاياغ،
توپا بار چەمدە ھەممە ـ ھەممىسى.
بارچىنى باغرىغا باسماقتا پەشتاق،
تۆۋىشتىن قىسىلىپ قاچار كەلگۈسى.

كىملەردۇر كۇلۇشەر يان بەللىرىمدە،
رەتمۇ رەت ئىشخانا يىرىڭلىق يارا.
قەلبىمنى غېرىبلىق باسماقتا لەپ ـ لەپ،
غېرىبلىق كۆكلىگەن ئادەملەر ئارا...

1998 ـ يىلى، چىرا

# قەيەرگە يوقالدى چىرايلىق قىزلار؟

قەيەرگە يوقالدى چىرايلىق قىزلار،
كارىدوردا ئۇچرىشىپ قالمىدىم پەقەت.
زورمۇزور سوقۇلۇپ كەتمەك خىيالىم،
ئەرلەرنى كۆلدۈرۈپ ئۆتتى نەچچە رەت.

بۇ يەردە تىنۇشى بارچە ئاياغىنىڭ،
ئاجىزدۇر شۇنچىلىك جانسىز، ئۈمىدسىز.
يىنىدا تۇرساڭمۇ نەچچە ئايالنىڭ،
قەلبىڭگە يەنىلا سايە تاشلار قىز.

كارىدور بەك ئۇزۇن چەكسىز مۇساپە،
زورمۇزور سوقۇلۇپ كەتمەك خىيالىم.
سوقۇلدۇم، دوقمۇشتىن كەلدى بىر سايە،
سوقۇلدى تېخىمۇ كۆچەپ ئايالىم...

1998 ـ يىلى، چىرا

# كەلگۈسنى ئۇردى بىر ئايال

كۆز ئالدىمدا
ئىككى ياشلىق ئوغلىنى ئۇردى بىر ئايال
ئىككى ياشلىق ئوغلۇم كەلدى ئېسىمگە.
لىغىرلىدى كۆز چاناقلىرىم
لىغىرلىدى باغرىم، يۈرىكىم
لىغىرلىدى بارچە ھاياتىم.

ئېمىشقىدۇر شۇنچە چېچىلىپ
كەلگۈسنى ئۇردى بىر ئايال.
بىر تال مايسا، بىر پارچە ئاق بەت
قىيقاسلىدى تىترىدى غال - غال.

دەل كۆكسىدىن مۇز ياغدۇرۇپ — مۇز
غۇرۇرىنى ئۇردى بىر ئايال.
بىلمەي تۇرۇپ تاياق دېگەننى
تاياق يېدى ئوماق ئىستىقبال.

لىغىرلىدى باغرىم يۈرىكىم
كەلمىشنى ئۇردى بىر ئايال.
(تاياق يېيىش ھەقتۇر ھاياتقا)
ئۇ ئۆگەتتى شۇنى ئېھتىمال...

1998 - يىلى، چىرا

# دولقۇن بىلەن ئىككىمىز

ھەر كۈنى دولقۇن، مەن ئىككىمىز بىللە،
ئۈستەلنى تالىشىپ ئۆتىمىز رەت - رەت.
كۆتۈرۈپ تۇرالماي ئىلھامىمىزنى،
مۇكچىيىپ بارماقتا بىرىنچى قەۋەت.

ئۇ يازار قىدىرىپ بار كەچمىشنى،
مەن ئۇنى تىتىمەن شۇنچە رەھىمسىز.
چاپلاشتۇق كەچمىشكە بۇدۇشقاق كەبى،
ئۆتمەكتە ئوتتۇز ياش غەمكىن، شەپسىز.

دولقۇن، مەن ئىككىمىز ھەر كۈنى بىللە،
ئىزدەيدۇ ئۇ مېنى يېنىمدا تۇرۇپ.
مەنمۇ ھەم «ئازغىشىپ» ئىزدەپمۇ نەچچە،
تاپالماي يۈرۈيمەن ئالەم ئاختۇرۇپ.

دولقۇن، مەن ئىككىمىز ھەر كۈنى بىللە،
يات ئەلدەك تۇيۇلار ئەتكى پەللە...

# مەن گۈلسىز ياشىدىم شۇنچە خىرامان

(ئا...گە)

يازمىدىم مەن سىنىڭ يازغانلىرىڭنى،
يازمايسەن بىلىمەن يازغانلىرىمنى.
ئىككىمىز چېگراسى بىر تاللا ئۈستەل،
بىلسەڭ ھەر مىنۇت «ئازغانلىرىم»نى.

يېنىڭدا پورەكلەپ تۇرار سولىياۋ گۈل،
مەن گۈلسىز ياشىدىم شۇنچە خىرامان.
بىناغا كىرمىدى موھتاجلىقلىرىم،
سەن جەنۇب، مەن شىمال چوقۇم مۇز ئوكيان.

سالامغا قول بېرىپ تۇرىمەن سەھەر،
سەن كۈلۈپ كېتىسەن قەلبىڭدىن بەتتەر.
مەن ساڭا يەنىلا شەربەت سۇنىمەن،
كۆنۈكمەن، سەن ماڭا تەڭلەيسەن زەھەر.

زەھەرسىز ياشىغان كۈنلىرىم بەك ئاز،
مەن يەنە ئۆز پېتى، زەھەردە گۇمان.
مەستلىكى كېلىدۇ ھەممىنىڭ بىزگە،
ئىشخانا ئىچىدە ئۆزۈن جەك ھامان...

# 3 ـ قەۋەت

روبىرو ئولتۇرۇپ يېشىللىق بىلەن،
قەلبىمدە باھارنى قىلىمەن خىيال.
بىنانىڭ ئىشىكىنى تاپالمىغان ئۇ،
چىنە خىش ئەكسىدە ئىسيانى يال ـ يال.

مەش بولۇپ كۆيىمەن گۈرۈلدەپ بۇندا،
ئىللىماس ئىشخانا، كارىدور، ئۈستەل.
باغرىمنى چۇقچىلار رىئاللىق ھەدەپ،
توزۇيدۇ باھارغا كۆل بولۇپ بەدەل.

بىر پارچە مۇز تاغدۇر بۇ يەردە بىنا،
بىلىمەن كاچكۇلى ئۈچىنچى قەۋەت.
مەن يەنە ھۆل بولغان بىر قاپ سەرەڭگە،
(تالادا جىلمىيىپ كۆلەر يېشىللىق)
قىرىمەن دېرىزە مەگزىنى پەقەت...

1998 ـ يىلى، چىرا

# جەنۇبتىكى ناھىيە بازىرى

كۆزلەردىن مۇھەببەت ئىزدىمەك ناھەق،
يالغاندۇر يۈرەكنىڭ سوقۇشى، تەپتى.
بەك مۇشكۈل ۋاپادىن زەررە سۆزلىمەك،
كۆرۈنمەس تۇماندا ئۇپۇقنىڭ سەتھى.

پىلىلدار چىراغلار غەمكىن، ئۈمىدسىز،
ياتلاشتى تومۇزدىن سەلكىن شامالار.
كېچىدىن پەرقسىز يېپىلار كۈندۈز،
پۈكلىنىپ بارماقتا چوققىلار، تاغلار.

پۈرۈلداپ تۆكۈلەر يۇلغۇن چېچىكى،
ئاياللار ئەرلىكى چىقاردى قانات.
قۇرتلاندى ئەسرلىك توغراق كۆتىكى،
بۇ يەردىن يىراقلاپ بارماقتا ھايات.

بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتمەكتە مېھىر،
بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتمەكتە ۋەتەن.
بارخانلار سۆكۈتى بارغانچە ئېغىر،
يىراقلاپ كەتمەكتە غۇرۇر بىلەن تەن.

# يىللىق باھالاش يىغىنى

شۇنچىلىك گۈزەلدۇر بۇگۈن كائىنات،
سالامغا قول بەردى دەرۋازىۋەنمۇ.
ئېگىلدى جىلمىيىپ بىنامۇ ئاستا،
ئېگىلدىم يەنىلا ھەممىگە مەنمۇ.

ئېرىشكە باشلىدى تامچىلاپ بىردىن،
«مەڭگۈلۈك» توڭلىغان مەجلىسخانا.
تۈنجى رەت قىزىق چاي ئىچتىم بۇ يەردە،
مېۋىگە قول سوزدۇم تېخى ھېلىلا.

شۇنچىلىك مېھرىبان بارچە ئادەملەر،
كۆزلەردىن تاشقىنلاپ تۆكۈلەر مېھىر.
قايسى يىل بالىنستقا كىرگىنىڭ ئۈچۈن،
ئۈزرىلەر ئاقماقتا قەلبىڭگە شىر ـ شىر.


قاپاقلار تۇرۇمى چۇۋۇلغان تامام،
كۆكلەردىن ياتلاشقان ئۇستەلنىڭ مەڭزى.
ئورۇندۇق شۇنچىلىك مۇلايىم ـ رايىش،
ئۆز ئىكەن سىياقى پارۋاينىڭ ئەسلى.

ئېسىمدە بۇ ھالەت نەچچە سائەتلا،
مۇزلاپتۇ قايتىدىن ئېرىگەن بىنا.

ئاچقۇچى يوقاپتۇ دەرۋازىۋەنىنىڭ،
سۇنمىدى ھېچكىممۇ بىر تال موخوركا.

بىنانىڭ ئالدىدا تۇردۇم بىر ھازا
ئادەملەر خوش دېمەي بىرسى - بىرسىگە
كېتىشتى قايتىدىن مۇزلىغان پېتى
كەتتىممەن، جۇۋامنى يېپىنىپ قايتا
تېيىلىپ بۇ يەردىن ئۆيۈمگە ئاستا....

1999 - يىلى، چىرا



# سەھەردىكى ئوماق باللار

نېمە ئۇ، مۇئەمما گۈدەك ئاۋازى،
پەقەتلا ئېكراندۇر ياسداق تاكسى.
ئىماندەك غۇبارسىز ئوماق باللار،
ناتونۇش سىلەرگە كەچمىش پەرۋازى.

بارغۇڭلار كېلىدۇ شەھەرگە قەۋەت،
داۋانلار تۈيۈقسىز يول بولغان كۈنى.
ۋە بەلكىم ھەممىسى قالدۇرار ھەيران،
قايتماقلىق ھەق چوقۇم ئىزدەپ قۇش پېيى.

مەن شۇنداق قايتقانمەن ئۇ يەردىن ئاستا،
تاپالماي ئۆزۈمنى كەيپىلىكمىدىن.
سىلەرگە سوۋغىتىم پەقەتلا شېئىر،
مەن ئۇنى، ئۇ مېنى يازار ئالماي تىن.

ناتونۇش سىلەرگە قۇش ھارارىتى،
تونۇشتۇر «ئېتىقاد» ۋە بىر توپ پادا.
تۇغۇلماق پەقەتلا ئۆلۈم ئۇچۇندۇر،
ئەڭ تونۇش شەھەرنى ياسىماق كېرەك،
ئەمچەكتەك مېھرىبان بارخانلار ئارا...

# ئىيۇلدىكى قار تۇيغۇسى

ماڭا تونۇش كوچىلىرىڭدىن،
ئۆتتۇم يەنە ئاۋۋالقىدەكلا.
تولۇق خوتەن شېۋىسى بىلەن،
ھەم ئىسمىڭنى چاقىردىم ئاستا.

قېنى سەن!!!
سەن قېنى!!!؟
ۋارقىرىدىم كوچىلار ئارا،
يىغلاپ كەتتى بىر كىچىك بالا.
كۆز يېشىنىڭ پاتقاقلىرىدا،
كىيىملىرى لاي بولدى قارا.

مەن خوتەنچە غىڭشىدىم ئۇزاق،
سەن ئۆگەتكەن تۇنجى ناخشىنى.
تىنغ كۆتۈردى ئەرلىكىمگە تىنغ،
شەھەردىكى ئايدىڭ ئاخشىمى.


كوچىلار ئۇز، كوچىلار بوران،
سۇزۇك ئاسمان، قويۇق ئىس ـ تۇمان.
ئادەملەرنىڭ چىرايى ئىللىق،
بىنا ـ بىنا كۆكلىگەن گۇمان.

قېنى سەن
ماڭا بىرلا ناخشا بەرگەن قىز،
ھەم ئۆمۈرلۈك ناخشا بولغان قىز.
سانساقمۇ ھاسىلىرىڭنى
ئون سەككىزگە ھېلى تولغان قىز.

ھامان بىر كۈن كېلەتتىم بۇيان،
ئىشىنەتتىڭ بۇنىڭغا شەكسىز.
شەكسىز تۇرۇپ ئەرگە تەگكەن قىز،
... تېگىپ كەتكەن قىز،
بۆشۈكتىكى گۈزەل ئايالسىز.

يىغلاپ ياندى بىر كىچىك بالا،
ئىيۇلدىكى ئاپپاق قار ئارا...

1999 - يىلى، چىرا



# سالام دولقۇن...

دولقۇن
مەن سېغىندىم يەتتە يېشىڭنى،
شۇ چاغدىكى ئۇلۇغ ئىسمىڭنى.
(ئوتتۇز ياشتا چۇلۇۋۇر تاپالماي)،
يەتتە ياشتا مىنگەن ئېتىڭنى.

قىلىقلىرىڭ ئۆز ئىدى بەك ئۆز،
تۇنجى ئېلان قىلغان شېئىردەك.
خىياللىرىڭ كەڭ ئىدى بەك كەڭ،
يا چىرادەك ياكى خوتەندەك.

تىزگىنەكلىك ماشىناڭ يوقتى،
يا قىزى بار بىر قوشناڭ يوقتى.
ئۆرۈك ياغىچىدا تاپانچا ياساپ،
سېغىز لايدا يات قەلئە ياساپ،
ئوينايتتىڭ ساپ، ھېچ يىغاڭ يوقتى.

قوناق شاخلىرىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ،
كىملەرنىدۇر تىقاتتىڭ گۆرگە.
ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ كېتەتتىڭ،
توپ - توپ كەپتەر قونسا ئۆگزەڭگە.

دولقۇن
ئات مىنىشنى تاشلىدىڭ نىكەم،
تىزگىنەكلىك سەككىز سائىتىڭ.
باتناپ يۈرەر قوشناڭنىڭ قىزى،
ئوغلۇڭ بولدى تاپماي تاقىتىڭ.

سېغىز لايلىق قەلئەلىرىڭدە،
ئارخېئولوگلار يۈرۈشەر تېنەپ.
سامان بولدى قوناق شاخلىرى
ئوتتۇن بولدى ئۆرۈك ياغىچى
كاۋاپدانىسەن، ياتسەن ئەسنەپ.

سېغىنىمەن يەتتە يېشىڭنى،
تۈرۈپ - تۈرۈپ يەتمىش يېشىڭنى.
كۆكلىتەلمەي مۇدۇرۇپ يۈرگەن،
ساددا - قوپال تەشۋىشلىرىڭنى.

1999 - يىلى، چىرا

# بارخان كىچىسى

يۇلتۇزلارنىڭ كېچىسىدۇر بۇ،
بارخانلارنىڭ سىماسى غۇۋا.
تىمتاسلىقتا باقساڭ قان بىلەن،
كەچمىشىڭدىن بۇقسۇيدۇ گۇناھ.

بوۋىقىڭدەك ئەڭ پاك، ئەڭ گۈزەل،
ماڭلىيىڭغا ئۇرۇلغان دانچە.
دەماللىقتا بىرەلمەس مەنە،
توغراقلىرىڭ سىلكىنسە قانچە.

چەكسىزلىكى كۆڭلۈمگە ئايان،
(خوتەن بىلەن ئاقسۇ ئارىسى).
ئاي كۆرۈنمەس بارخان دېگەندە،
ھەر يۈرەكتە ئاينىڭ يارىسى.

كەل، سەن ئەگەر مۇساپىر بولساڭ،
بارخانلاردا ياتقىن بىر كېچە.
كەل ئەگەر مىليونېر بولساڭ،
كەل ئەگەر بىر دۆلەتمەن بولساڭ،
كەل، كەل....
ئەڭ سۆيۈملۈك ۋەتەن دېگەن شۇ،
ئەڭ ۋاپادار ھەمراھ دېگەن شۇ.

تۇرۇپ كەتكىن يەنە ئەتىگەن،
ئارخېئولوگلار يېتىپ كەلگۈچە...

2000 ـ يىلى، ئاقسۇ

# يىغلىما ئوماق

(ئايالىم ئازاتگۈلگە)

يىغلىما ئوماق
ئۈزۈنتەپ چىق تاتلىق كۆلكەڭدە،
شۇئىرلىسۇن ياپراقلار خۇشال.
يىنىك ياپقىن ئىشىكنى، يىنىك
قوزام ئۇخلاپ قالدى ئېھتىمال.

يىغلىما ئوماق
تەشۇىشىڭنى سىلكىۋەت يىراق
بۇلۇتلىرىڭ يىتسۇن قەلبىڭدىن.
سۈرتۈپ تۈرغىن كىتابلىرىمنى
سۈرتۈپ قويغىن كەچمىشلىرىمنى
يىراقلىشاي گۇناھلىرىمدىن.

يىغلىما ئوماق
باغرىم چاك ـ چاك جامال بەرمىسۇن،
كۆرۈشەيلى شىمال سەتھىدە.
قوزامنى باس باغرىڭغا يىنىش،
غەملەنمىسۇن ئالما پەسلىدە.

كەل ـ كەل دېدى يەتتە قىزلىرىم،
شاراب سۇندى ئىە، توققۇز بۇلاق.
بارخانلاردىن چىقاي يۇلقۇنۇپ،
يىغلىمىغىن يىغلىما ئوماق.

2000 ـ يىلى، ئاقسۇ



# بىر ئايال ۋە ئاتمىش نەچچە ئەر

(كورس خاتىرىسى)

بىر ئايال ۋە ئاتمىش نەچچە ئەر،
ئايال سۆزلەر شىلتىپ قولىنى.
ئاتمىش نەچچە تىترەڭگۈ يۈرەك،
ئورۇندۇقتا شەھۋەت بورىنى.

ئەرلەر جىمجىت، ئەرلەر يېگانە،
بارلىقىنى سىلكىيدۇ ئايال.
ئاۋازىدىن ساقىپ مەسخىرە،
چاقماق چاقار كۆكسىدە يال - يال.

گەر تىكىلىپ قارىسا ئايال
چاقماق چاقسا كۆكسىدە يال - يال
قاراپ - قاراپ چاقىرغۇسىغا
قىل تولغىقى تۇتقان سىنىپتىن
چىقىپ كېتەر ئەرلەر بىمالال.

سىنىپ گويا تۇمانلىق سەھەر،
ھەر قەلبتە ياغىدۇ يامغۇر
ئەرلەر يامغۇر، ئايال قان - يامغۇر.
چىقىپ ئەينەك، دېرىزىلەرنى
دەل بىنادىن سەكرەيدۇ غۇرۇر.

ئەنە بىر ئەر كىردى سىنىپقا
ئۇ كىچىكتى، قولىدا ئېلان...
ئەرلەر ئۈنسىز كەتتى ۋارقىراپ
كۆيدى ئۈستەل، پارتا چاراسلاپ
خىيالىدا ئايال بۇردا نان.

ئېلان
... بار پۈتكۈل جاھان.

ئالتۇن تېپىۋالغاندا ئەر،
ئالتۇندىن بەك يىراقلاشقان ئەر.

... ... ...

كۈلۈپ تۇرار كۆزى ئايالنىڭ،
كۈلۈپ تۇرار يۈزى ئايالنىڭ.
خەنجەر بولۇپ يالىلدار كۆكسى،
كۈلۈپ تۇرار ئۆزى ئايالنىڭ...

كىم ـ كىملەرگە كەتتى ئوخشىتىپ
ئايال سۆزلەر قولىنى شىلتىپ...

2000 ـ يىلى، ئاقسۇ

# ئۆز ئىلكىمدىكى ۋاقىت

جۇمە كەتتى شۇمشىيىپ، شەنبە بىلەن سىرداشتىم،
ئەتە كۇلۇپ باقىدۇ ماڭا ئىللىق يەكشەنبە.
ئۇشبۇ كېچە ئەڭ گۇزەل خىياللارغا چىرماشتىم،
يۇرەك چاك ـ چاك كەتمىدى پەرۋازنى يات ئەتكەندە.

ئوغلۇم سۆيەر مەڭزىمگە، يېتىرقاشتىن يوق ئەسەر،
هور ئۆرلىگەن لەگمەن تەل خوتەن ۋاقتى يەتتىدە.
سەپسالىمەن يېڭىدىن باش ئۇستىگە بىتەخىر —
ئىھ، ئايالىم نەزەرسىز، توۋا بۇدەم باشقىچە...

كىتابلىرىم قېتىدىن چىقىپ كېلەر ئالدىمغا،
قەلەم شىلتىپ قولىنى ئالار مېنى سوراققا.
تۇنجى مىسرا ئانا دەپ ھەسرەت تۆكەر دىلىمغا،
قەدەملىرىم ئېلىنار سەھرا يولى يىراققا.

ئېتىزلاردىن پۇرايمەن بەتتە ـ پولۇ ھىدىنى،
قاداق قوللار دەرد تۆكەر يۇمشاق ئۇيغۇر تىلىدا.
بوۋام سۆزلەپ ھارمايدۇ ھەقىقەتنىڭ سىرىنى،
دەيدۇ: ئاددىي بىر قەلەم قىلىچ شائىر قولىدا.

مەن سەھرادىن يانىمەن قىيالماستىن ھەممىگە،
قىستاپ كېلەر بىنالار يان ـ يېنىمدىن بەسلىشىپ.

تېلېۋىزور — سوغۇق نۇر، رادىيودىن ئەتىگە —
چاقىرىقلار ئاڭلىنار ھېسلىرىمنى بەزلىشىپ.

ئۆز - ئۆزۈمگە يەنە بىر تىكىلىمەن تىن ئېلىپ،
خورەك بىلەن ئۇخلاشقا دىلدا ھەۋەس قويمايدۇ.
قەلەم چۈشەر بارماقتىن مىلىك تەسلىكتە سىيرىلىپ،
تاڭ ئېتىپتۇ خورازسىز، مەن كېچىكسەم بولمايدۇ...

2000 - يىلى، چىرا

# يوق بەلكى شېئىردەك بۉيۉك مۇزىكا

ئايالىڭ يىراققا كەتسە ئەگەردە،
سېنىڭمۇ كوچىغا چىقىشىڭ ئېنىق.
كۉندۉزلەر نۇرسىراپ ئۆتكىنى بىلەن،
كېچە ــ ئۇ بېلىقتۇر، ھەممىمىز بېلىق.

نەقەدەر كۉلكىلىك يالغۇز قالغاندا،
تېنىڭنىڭ ئەڭ نازۇك يېرىنى كۆرۉش.
شۇندىلا يېشىلەر كېپەنلىك ئۇقۇم،
كۆيۉش ۋە سېغىنىش، مۇھەببەت، سۆيۉش...

شېئىرنىڭ تېنىدۇر ئادەملەر تېنى،
قىزلارنىڭ تېنىدۇر ئېسىل لىرىكا.
جىنسلار چېگراسى ئىككىلا ھەرپ،
يوق بەلكى شېئىردەك بۉيۉك مۇزىكا.

بۉگۉن كەچ مەن يەنە چىقتىم كوچىغا،
يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم بىر نەپەس.
ۋە يازدىم لىرىكا تۉنىنىڭ باغرىغا،
ئۆزگەردىم تۉنجى رەت ئۆزۉم مەن ئەمەس.

# ئوغرىنىڭ ئېيتقانلىرى

مەن ئوغرىلىمىسام ئۇكا،
بىھۇدە خەجلىنىدۇ ئاشۇ پۇللار
رېستوراندا تۆكمە تاماققا
قاتار چايغا، بەزمە، قاۋاققا
بىر كارىۋاتلىق پىنھان ياتاققا...

سۈكۈت ئوغرىلايمەن ھەر كۈنى سۈكۈت،
تاشلايمەن غۇرۇر چىقسا قولۇمغا.
ئۆگىتىمەن شەپىسىز پىچاق سېلىشنى،
بارماق تىقىمەن تىنچىق ھاياتقا.

كۆتمەيمەن ھېچكىمنىڭ ئەپۇلىرىنى،
چىن ئەقىدە بىلەن چاقىمەن دېرىزىلەرنى.
ئېتىقاد بار ھەر بىر ئىشىمغا،
ئىخلاسىم يىغلىتار بار كىشىلەرنى.

مەن ئۇلاردىن ياخشى ئۇكا،
ئوغرىلاتمىدىم ئېپپەتلىرىمنى،
سېتىپ يېمىدىم كۆلپەتلىرىمنى
ئۇرۇمچى ئۇ — سەھرايى كەبىر
سىلكىمىدىم كۆلپەتلىرىمنى.

ئىقرار قىلىمەن ئۇيغۇر تىلىدا
ئوغرىلارنىڭ سوراقلىرىدا.
ھومىيىمەن چۆل - باياۋاندەك
ئىچ - ئىچىمدىن كۆلۈپ كېتىمەن
ئۆز - ئۆزۈمنىڭ رەسۋالىقىدا.

كىم ئۆگەتتى بىلمەيمەن بۇنى،
پىشىپ قالدىم، كەچمىكىم مۇشكۈل
غەلىيانىمنىڭ ئىسيانلىقىدا.
بىر قاراپلا بىلىپ قالىمەن
كۆكباشچىنىڭ، كىتابپۇرۇشنىڭ
مايلامچىنىڭ، تىلەمچى، خائىننىڭ
نېمىسى بار يانچۇقلىرىدا.

بىر قاراپلا بىلىپ قالىمەن
خۇنۇك كۆزلەرنىڭ ئىزدىگىنىنى
جىلۋە - نازلارنىڭ ساختىلىقىنى.
ئۈرۈمچىدە
ئۆز - ئۆزۈمنى كۆرۈپ تۇرىمەن
دائىم ئەينەك سۇنۇقلىرىدا.

* * *

ئەرلىكىمنى سىلىدىم ئاستا
ھەميانىمدەك ئوغرىلانماستا...

2001 - يىلى، ئۈرۈمچى

# توي چاچقۇلىرى

1

ئەجدادتىن ئۇدۇم — ۋىسال پەيتى كەلدى،
دوستلارغا قۇتلۇق نامە يازار بولدۇق.
بىر يۈرەك بىر يۈرەككە ھەمراھ بولۇپ،
قول تۇتۇپ مۇشكۈلاتتىن ئاشار بولدۇق.

جەملەندى خانىمىزگە جىمى شادلىق،
بۈلاقتەك ئۇقچۇپ بۈگۈن تاشار بولدۇق.
كۆلكىمىز، يىغىمىزغا ئورتاقلىشىپ،
بىر تىنىق، بىر نەپەس بوپ ياشار بولدۇق.

2

بۇھايات خىسلەتكە باي، قىسمەتكە باي،
مۇھەببەت ۋىسال بولۇپ چېچەكلەيدۇ.
بىر يۈرەك بىر يۈرەككە ھەمراھ بولۇپ،
بىرىنى بىرى خۇشال يېتەكلەيدۇ.

شۇ ۋىسال كۈلۈپ قۇچاق ئاچتى بىزگە،
قۇتلۇق كۈن گۇۋاھ تەكلىپ نامىمىزگە،
جەم بولۇڭ دوستلار بۈگۈن خانىمىزگە،
كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىپ جان يورەكلەيدۇ.

## 3

گۈل بىلەن بۇلبۇل ۋىسال تاپقان كۈنى،
چاچقۇغا پەرىشتىلەر ئۆزى چۈشتى.
پەرھاتنىڭ ئوي - خىيالى شېرىن بىلەن،
مەجنۇننىڭ بىر لەيلىگە كۆزى چۈشتى.

ئىككىمىز مەجنۇن بىلەن لەيلى بولۇپ،
تەڭ قەدەم ئالدۇق كەلمىش يولىمىزغا.
ئىھ، گۈزەل خاتىرىلەر ئەستىلىك دەپ،
چىللىدۇق دوست - يارانىنى تويىمىزغا.

## 4

پەسلى كەلدى بۇ ياشلىقنىڭ شوخلىنىپ،
نامە يازدۇق كېلىپ بىرگە كۈلۈشلار.
دوستلۇق دېگەن ئەقىدىدە مۇستەھكەم،
ئۇشبۇ كۈندە بىزگە بەخت تىلەشلار.

توي ناۋاسى دوستلار بىلەن ياڭرىغاي،
بەزمىمىزدە شاد كۈلكەشلار بار بولسۇن.
كۈنلەر گۈزەل، كۈنلەر دېگەن غەنىيمەت،
بەخت كۈلۈپ ھەممىمىزگە يار بولسۇن.

# سەن چوقۇم كېلىسەن

سەن ئۈچۈن ھەر تىنىق قىلسام مۇناجات،
نەدە سەن سېماىڭ بىر تىلسىم ماڭا.
قانلىرىم باغرىمغا كەتمەكتە تىنىپ،
مېنىڭدە بارى شۇ — بىر قۇچاق يىغا.

كىملەردۇر يۇلۇشۇپ پاياندازلارنى
ۋە يەنە يولۇڭغا باسار ئاق تىكەن.
سېزىمەن جىسمىڭنى ئۆزۈم بىلگەنچە
سەن چوقۇم كېلىسەن، چايقاپ بېشىڭنى
ۋە ياكى لىڭشىتىپ، كۈلۈپ كېتىسەن...

دۇتارىمكىن دەيمەن مېھرىڭنى سېنىڭ،
كۆزلەردىن توختىماي ئاقار ھاياجان.
زەخمەك غۇرۇرغا ئۇرۇلار رەت - رەت،
تەمبۇر يۈرەككە سېلىنغان گۈلخان.

كۈلپەت سىرلانغان قىپقىزىل سىردا،
ھېچنەرسە يوق تەسەددۇققا جان.
مەن سېنىڭدە، سېنى ئىزدەيمەن،
ئۆچكەن شامدۇرمەن يا يېنىپ تۇرغان.

كىملەردۇر يۇلۇشار پاياندازلارنى،
شېئىردا سالىمەن يەنە پاينداز.
سەن چوقۇم كېلىسەن تەشنالىقىمغا —
بىلىمەن بۇ شېئىر بولۇپ قالار ئاز...

2002 - يىلى، چىرا



# ئەخمەتجان تۇرۇپ يازغىلى سالغان شېئىر

(ئەخمەتجاننىڭ «ھاياتقا يۈزلىنىش»* ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ)

بۇ گۈنگە تاشلىنىش گەر بەخت بولسا،
تاشلانغىن تەپتى يوق ئوتقا، ئۇچقۇنغا.
ئەتىنىڭ باغرىدا پىچىرلىغان سۆز —
ئايلانغىن دېمەپتۇ سېنى گۈلخانغا.

جەسەتلەر قىستىسا سېنى تۆت تامدىن،
رېئاللىق ئالدىدا جان بەرمە ئاسان.
روھ پەسلى بۇنىڭدەك تولماس جىلۋىگە،
تېنىڭدە تۆت تال تۈك تۇرسىلا ئامان.

تۇغۇلغىن قايتىدىن كەل قولۇڭنى بەر،
توپا چاچ رەھىمسىز رەسۋالىقىڭغا.
يا بىز دار، ياكى بىز دارنىڭ ئالدىدا
ۋەياكى بارخانلار چوڭقۇرلۇقىدا...
شېئىر يازمىقلىق ھەقتۇر بۇرادەر،
قان بىلەن ھەر ئىككى دۇنيالىقىڭغا.

* ئەخمەتجاننىڭ بۇ شېئىرى «كىروران» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# يەنە قش كەلدى

ئايالىم كىرىپ ئىشىكتىن
ئۇششۇك چۈشۈپتۇ دېدى.
ئوغلۇم غازاڭلارغا بولۇپ ھەيران
بىرسى دەرەخنى ئۇرۇپتۇ دېدى.

تېخى مەن باھار ھەققىدە ھېچنېمە يازمىغان،
ياز سۈرىتىنى ھېچنېمىگە سىزمىغان.
ئېيتسپ بەرمىگەن ئوغلۇمغا چوكانتاللارنى،
بوران ئات ئېغىلى ئالدىدا كېكەچلەپ قالغان.

بازار، رەستىلەرنى ئايلىنىپ ئاخىر
تۆمۈرچىنىڭ يېنىدا توختىدىم بىر پەس.
تاقا سوقۇۋېتىپتۇ بىر نەچچە بالا
قاچتى قەلبىمدىن بازغانغا ھەۋەس.
غازاڭدەك سارغىيىپ يېتىپتۇ سەندەل،
قۇشلارغا ھجىيىپ تۇرۇپتۇ قەپەس...

ئايلىنىپ توختىدىم مال بازىرىدا،
ماللار سېتىلماقتا، ماللار ساتماقتا.
ئېرىكلەر قەددىنى رۇسلاپ،
قوچقارسىز بازاردا ماختانماقتا.

موزدوز يامىماقتا جۇل ـ جۇل ئۈسىيانىى،
ئالدىدا دۆۋە ـ دۆۋە چەمسىز ئېتىقاد.
تۇخۇم سېتىلماپتۇ بىر كويغا تۆتتىن،
تۇخۇمچى ئەرلەرگە خورسىنار پات ـ پات.

كىتاب ساتقۇچى بودەك قىز،
«ئەرلەرنىڭ سىرى» نى ئوقۇۋېتىپتۇ يالغۇز.
تەييار چۆپ تالىشىۋاتقان باللار،
قىلىقلىرى بەك ئوماق، بەك ئۈز.

قىش كەپتۇ دېدىم
جۇۋامنى قايتىدىن يېپىنچاقلىدىم.

2002 ـ يىلى، چىرا

# سەن نەدە

كۆز يۇمۇپتىكەن بوۋامىمۇ
سېنى بار دەپ.
ئىشەن دەيدۇ دادامىمۇ هازىر
سېنىڭ بارلىقىڭغا.
(دادام ئوقۇتقۇچى يىراق سەھرادا).

سەن نەدە؟!
كاچكۇللار تېگىدىن ئىزدىدىم سېنى
مۇز تاغلار پۈكلىدى ئوتتۇز يېشىمنى.
بوران شەپىسىدە كېرىلىپ ياشاپ
داردىن ئالدىم نېنىم - ئېشىمنى.

ئاتلار ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەن،
يالغانمۇ «ئوقۇرنى تاپىدۇ» دېگەن.
ئادەملەر تىل بىلەن سۆزلىشەلمەس،
كىم ئۇ دىل بىلەن دەۋر سۈرگەن.

سەن نەدە؟
باتنىشلىق نېمانچە سۇرلۇك، چېكى يوق
قۇشلار ئۇۋۇسىدا قورۇنۇپ قالغان.
ئوغلۇم چامغۇر ئاقلاپ لەززەت تاپقۇدەك بولدى،
دەيمۇ ئۇنىڭغا «ئۇ» دېگەن يالغان.

سەن نەدە؟
ماڭا دار ئارغامچىسى بولۇپ ئېشىلىۋاتامسەن؟
ئېقىن بېشىغا توپا چېچىۋاتامسەن؟
چوققىلار ئۈستىدىن سىيرىلىۋاتامسەن؟
قىسمىتىمدىن كۆلۈپ قەھ ـ قەھ
بارخانلارغا قېتىلىپ سۆرۈلۈۋاتامسەن؟
يا مەن شەپەڭنى ئىلغا قىلالمىدىممۇ —
چوكانتاللارنى يېتىلەپ كېلىۋاتامسەن؟...

2002 ـ يىلى، چىرا



# سەن مېھرىبان ئۇستازسەن ماڭا

(40 يىللىق مائارىپچى، قەدىردان دادام جاپپار مۇساغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

تۇردۇڭ ئۇستۈڭدە توزانلار يال - يال،
تولغىنار چىغىرلار تىۋىشىڭنى دەپ.
ھەر گىياھ سەن ئۈچۈن ئېگىپ تۇرار باش،
ئىزىڭنى تالىشار شامال كۆۋەجەپ.

ئورمانلار ھاساڭغا قىلىشار ھەسەت،
ئىگاھىڭ تاغلارنىڭ قەددىنى پۈكەر.
سالامىغا قول باغلاپ بارچە مەھەللە،
دەشتۇ ساي ئۈنۈڭنى ئاڭلاپلا تىترەر.

ئولتۇرساڭ قورام تاش ئېرىپ تۆكۈلەر،
تۇرساڭلا يۆلەيدۇ يەر - جاھان سېنى.
گۈگۈمدا ئېسەدەپ يىغلار بوۋاقلار،
يۆتىلىڭ سەل قىلار بارچە يۈرەكنى.

قان قۇسۇپ ئۆچىدۇ قۇياش ھەر كۈنى،
خىجىلدۇر ھەر باقسا كۆزەينىكىڭگە.
يامغۇرغا ئايلىنار قار، مۆلدۈر ئاستا،
كىرەلمەي ئاقارغان چېچىڭ رەڭگىگە.

سەھەردە كۆلبەگدىن چىقساڭ ئويغىنىپ،
ئۆزىچە پاراتتىن ئۆتىدۇ قۇشلار.
گەر يۇساڭ ئەگىزدە ئالقانلىرىڭنى،
دولقۇنلار شادلىقتا دەريا ـ دېڭىزلار.

زېھنىڭدىن سىنىپقا باغلانغان دۇنيا،
ئىزدەيدۇ مۇنبەردىن تىلسىمغا جاۋاب.
قوبۇل ئەت ئەي ئۇستاز ئۇشبۇ نەزمنى،
مەن ساڭا ئەبەدىي قىلىمەن تاۋاپ!

دادا،
ئەڭ بۈيۈك مېھرىبان ئۇستاز سەن ماڭا،
تىنىقىڭ ئۇدۇمى تىنىقلىرىمدا.
قۇتلايمەن شېئىردا يەتمىش يېشىڭنى،
سەن بەرگەن قەلەم بۇ بارماقلىرىمدا...

2002 ـ يىلى، چىرا

# دېكابىر

مەن بۇ ئايدا يەنە شېئىر يازمىدىم،
مىلىڭ شېئىرلىق ئازاب يىغدىم قەلبىمگە.
كالېندارنىڭ خورسىنىشى بىھاجەت،
يۈگەن سېلىش ئارتۇقچىدۇر كۆڭۈمگە.

دېكابىرنىڭ ئاپتىپىمۇ تايىنلىق،
ئاپتاپسىزمۇ ئۆتكەن نۇرغۇن كۈنلىرىم.
پۇل ھەقىقەت، ھەقىقەت پۇل ئېڭىمدا،
موھتاجلىقتا كەتتى پۈتۈن بىر يىلىم.

مەن كۈتمىگەن ئەتە يانۋار بولۇشنى،
دولقۇن جاپپار ياشىمىدى بۇ يىلدا.
ياشاشنىمۇ ئىستىمىدى بىر دەقىق،
ئەۋرىتىنى ياپالمىغاچ شېئىردا.

2002 ـ يىلى، چىرا

# يىراقتىكى دوستۇمغا

يوقلىمىغىن بۇ يەرگە كەلسەڭ،
يىتىپ كەتتىم خېلى بۇرۇنلا.
سورىمىغىن ئۇچرىغانلاردىن،
ئىسمىم يوقتۇر بۇ يەردە ئەسلا.

يوقلىمىغىن بۇ يەرگە كەلسەڭ،
سىغىنىشتىن يەكلەندى بۇ يەر.
قاردەك يۇمشاق يېغىپ ساختىلىق
سىڭىپ كىردى قەلبىمگە قەدەر.

يوقلىمىغىن بۇ يەرگە كەلسەڭ،
ھەقىقەتتىن ياسىدىم كۆپۈك.
ئاسمىنىمدىن قوغلىدىم يۇلتۇز،
ئار - نومۇسنى بىلدىم ئېغىر يۈك.

يوقلىمىغىن بۇ يەرگە كەلسەڭ،
ئۆز - ئۆزۈمگە قالاي دوست بولۇپ.
يىراقلاشتىم ھاياتتىن ئۈنسىز،
داللارنى يۈرمە ئاختۇرۇپ.

دالىلاردىن چىقمايدۇ تىنىم،
كەچمىشىمدىن ئايان ھەممىسى،
كەتمەكتىمەن بۇندىن يوقىلىپ.

2002 ـ يىلى، چىرا



# دېكابىرغا ئۇلاشتى كېچە

بۇ ئۆيدە ئىككىمىز — ۋاقىت بىلەن مەن،
قەدىناس ئاخشامغا سىزدۇق سېغىنىش.
نويابىر غەملىرى تارالماي تۇرۇپ،
دېكابىر ئۇرۇلدى ئىشىككە يېنىش.

بىلمەيسەن قولۇمدا ئاداققى خېتىڭ،
ئىه، يۇمران كۆكسۈڭدەك تۇرار تەۋرىنىپ.
خوش دەپسەن غېرىبلىق باستى ئۈستلەپ،
تاملار چاك، تورۇسلار چۈشتى سىيرىلىپ.

سەن تىزغان دەستىلەر تاتاردى تامام،
تەشتەكلەر قۇرۇدى سۇ بەرسەم رەت - رەت.
قار پۈركۈپ كۆيمەكتە گۈرۈلدىگەن ئوت،
مۇز تۇتۇپ يېپىلدى هايات بۇ نۆۋەت.

ۋاقىتنى پەپىلەپ قويدۇم مەن ئاستا،
ئۇ مېنى بەزلىدى قۇربى يەتكىچە.
نويابىر غەملىرى تارالماي تۇرۇپ،
ئۇلاشتى دېكابىر ئېيىغا كېچە...

# بۇ يەردىكى دوستۇمغا

جەنۇبىي قوۋۇقتىكى تىنچىق مۇھىتتا،
توي قىلدىڭ قەدىناس كەنجى غەيرەتتە.
توي كۈنۈڭ پەرىشتەڭ يېنىڭدىكى قىز،
ئايالىم بۇ مېنىڭ دەيسەن دەل ئەتە.

خوتۇن دەپ چىقىدۇ ئۆگۈندە تىلىڭ،
ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە بويتاقسەن - بويتاق.
سېغىنىپ قالىسەن دوستلارنى، مېنى،
سېغىنىپ قالىسەن بىر پىنھان قاۋاق.

يانفونىڭ سايرىشى تۈگىگەن تامام،
بېشىڭدىن چۆرۈپلا كېلەر تاشلىغۇڭ.
ئەڭ تونۇش قىزلارمۇ قىلمايدۇ سالام،
قىزلارسىز تۇرمۇشتىن كېلەر يىغلىغۇڭ.

ئاپتوبۇس لىپمۇ لىپ تۇرسىمۇ بۇندا،
تاكسىدا نەندۇر ماڭىسەن كۆزلەپ.
يانىسەن ۋە يەنە كەلگەن پېتىڭلا،
چۈنكى مەن ئۇ يەردە تۇرىمەن سۆزلەپ...

بۈگۈن سەن توي قىلدىڭ،
ئەتە ئىشىڭ بار.

ئۆگەن ھېس قىلسەن زېرىككىنىڭنى،
ئۆگىنىنى ئۆتكۈزۈپ ئىزدىگىن مېنى.

بىز يەنە چاندۇرماي ئۆيدىكىلەرگە،
ئايلىنىپ چىقايلى جەنۇب ـ شىمالنى.
قايتماقلىق ھەق چوقۇم شىرغا، بۆرىگە،
كىم دەيدۇ يولۋاس دەپ تاشلىساق ئۇۋنى.

ئايرىلىپ كەتكەندە غۇرۇر بىلەن تەن،
بويتاقسەن، بويتاقمەن ئۆلگۈچە بويتاق.
قۇياش غەربتىن چىقمايدۇ ئاسان،
كىچىنىك كۆكسىگە ئۇرماستا پىچاق.

جان دوستۇم، توي كۈنۈڭ يوللىدىم مەكتۇپ،
ئۇيغۇرچە ھەرپتە يېنىڭدا تۇرۇپ.
باغرى خۇن، كۆزى نەم، دېمى ئوت ـ يالقۇن
بەك ئاچچىق كۈلۈشتى بىر توپ ئايالالر،
بىز ئەركەك، دېگەندە كۆكسۈمگە ئۇرۇپ...

# سەھراغا قايتىش

ئاپتوبۇس
كاتاڭ يولغا تىقىپ بېشىنى
ئېلىپ كەتتى مېنى ئۇزاققا.

بۇرۇقتۇرمىلىقتا قىلىق تاپالماي،
چەك - چېگرانى ياساپ ئۆزىمىز.
پۇت - قولىمىزنى كىشەنلەپ قات - قات،
ئەڭ مەدەنىي ياشاپ يۈرىمىز.

بارچە ئىنسان چىقىپ ئۆزىدىن،
ئەتسۇن تەرك مال - دۇنيانى ھەم،
سېنىڭ، مېنىڭ غېمىم ئالدىدا،
ياشاش دېگەن پارچە - پۇرات غەم.

شېئىر دېگەن بەربىر شېئىر،
ئۆزۈڭ يېزىپ ئۆزۈڭ چۈشەنگەن.
زاغرا پۇراپ تۇرغان ھەرپتە،
مىسرا تىزىپ ئاران ئۆگەنگەن.

چىغىر يوللار — سىلەر پايانسىز،
دۈشەنبە بازار ئىھ،گۈزەل رەتسىز.

غىچىرلايدۇ ئېشەك ھارۋىسى،
شۇنچە ئوماق، شۇنچە كېلەڭسىز.
ئون ئۈچ ياشلىق ئوغۇل باللار،
قۇشقاچ تۇتار بەرى ئىشتانسىز.
نېمانچە ئۇز ئىشتانسىز ھايات،
دادىلار ئوت، ئانىلار غەمسىز.

ناندەك مېھرى ئىسسىق ئادەملەر،
ئۇزايدا يىرىك ئېتىقاد.
ھەر ئايۋاندا قارلىغاچ ئۇۋىسى،
ھەر يىر ئۆيىنىڭ بىردىن ئۆگزىسى،
ئوغلاق تارتىشىش بولىدۇ پات - پات.
قايسى ئۇتۇپ چىقسا بەرىبىر
ئات دېگەن ئات
تىرىك بايانات.
ئانىلارنىڭ دۇئاسىدا ئات
بۇ شېئىرنىڭ مىسراسىدا ئات.

ئات مىنىپ تېخى
چۇش كۆرىمەن كېچىلەر پات - پات.

ئىلىپ قالدىم قىشتىمۇ،
بىنالاردەك مۇزلىمايدۇ بارخانلار
شۇنچە يۇمشاق، شۇنچىلىك يۇمشاق.

ئىچ ـ ئىچىمدە بىھېساب قوشاق
خاتىرىلىدىم ئۇششاق ـ ئۇششاق.

ئاسمىنىدا ئايروپىلان يوق
تۇرخۇنى يوق بىرمۇ كەنتىنىڭ.
يوق بۇيەردە بىرمۇ تېخنىكوم،
ئۇنىۋېرستېتتەك تۇيۇلار ماڭا
ئاپتاپسىنغان پوتلا تاملىرى
سۈت ساقاللىق چۆچەكچىلەرنىڭ.

ئاپتوبۇس
كاتاڭ يولغا تىقىپ بېشىنى
ئېلىپ كەتتى مېنى ئۇزاققا.


ياشاش دېگەن پارچە ـ پۇرات غەم،
سېنىڭ ، مېنىڭ غېمىم ئالدىدا.
شېئىر دېگەن بەربىر شېئىر،
ھەر كىشىنىڭ قالماس يادىدا.

يۇلتۇزلۇق كەچ
كېچە ئەمەس كەچ،
كېنىزەكتەك كېلىشكەن جۇۋان،
قىيما كۆمەچكە تۇتۇندى
يۇلغۇن سالدى ئوتقا، ئوچاققا.
شەھەردىكى دوستلىرىم چوقۇم،

كەيپ بولۇپ قالدى بوُچاغقا.

ئاپتوبوُس
كاتاڭ يولغا تىقىپ بېشىنى
ئېلىپ كەتتى مېنى ئوُزاققا.

2006 ـ يىلى، چىرا ـ دامكوُ



# خېنىم

ئەجەب قىسمەت خېنىم
ئىككى ياقىا پەر قاقتۇق قىماي
قاپ بېلىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن تانىدەك.
كۆزىڭىزگە ياش يۈگۈرتۈپ
ئۆمچىيىشىڭىزنى بەكمۇ سېغىندىم
ھېيتلىقى يىتىپ كەتكەن بالىدەك.

مەھەللىڭىزنىڭ قايسىبىر يېرى گۈرسۈلدىسە
مېنى كەلدى دەپ يۈگۈرۈپ چىقاتتىڭىز.
قۇشلار ئۈركۈسە ئىسقىرتىشمىدىن
گۇلقەنت بىلەن قاتلىما قىلاتتىڭىز.
ئامراقلىرىمنى بىلەتتىڭىز
ئېلىشۋالسام ئامراقلىرىمنى
ئەسكى - ئەسكى دەپ «تىللايتتىڭىز».

جېنىم خېنىم
رىۋايەتتەك گۈزەل كەنتىڭىزگە
سەل كەلمىسە مېنى باغلىۋالدى دەپ بىلەتتىڭىز.
چامغۇر سالغان ئۇماچقا ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن
ئەتە - ئاخشام ئېتىپ بېرەتتىڭىز.
جېنىم خېنىم
كۆمەچ ماگدۇراتتىڭىز ئۆتكەن - كەچكەندىن

تۇخۇم ئەۋەتەتتىڭىز قەدەم يەتكەندىن
گەپ ـ تۇناتتىڭىز كۆرگەن ـ بىلگەندىن.
دىۋە دەيتتىڭىز تۇرقۇمنى دىۋە
يىگلەپ كېتەتتىڭىز مۇنداقچە قاپاق تۇرۇشۇمدىن.

جېنىم خېنىم
بىر قولتۇق بېدىنى كۆتۈرگەندەكلا
قولتۇقلاپ كېتەتتىم ئارقا هويلىغا.
يېلىم كولاپ بېرىلىك دېمەيتتىڭىز
رازى ئىدىڭىز بىر باغ ئوسمىغا.

سالۋا تەلپەك ئاستىدا مجلسپ كەتتىم.
سىز يادلىغان ئىسمىم يوق هازىر
يوق سىز بىلەن يۇرگەن ئۇ مەزگىل
كۆزۈم قىسماي قېتىلىپ كەتتىم
پۈتكۈل ئەرلەر سېپىغا ئاستا
كىملەر ئەركەك، كىملەر باھادىر...

سېغىنىمەن
يۆتەلسەم چاك كەتكەن كونا تاملارنى
گۈس ـ گۈس ئاۋاز يىتكىلى نى كەم
ئۆرە تۇرۇپ سىيگەن چاغلارنى.
سۇدىن يىراق تۇردۇم خېلىدىن
سەل باغلىغلى كەتمەن بار، جان يوق
لاي بېسىپتۇ شېرىن باغلارنى.

جېنىم خېنىم
ئىسقىرتىشىڭىز مەندىن كۆچكەنمۇ،
ئۇسسىڭىزنى مەن قۇرۇتقانمۇ،
يىلىم كولاپ ھەدەمگە بەردىم
ئۆگزەمگە سىز چالما ئاتقانمۇ.

جېنىم خېنىم
ئايرىلغىنىمىز ھېسابتۇر - ھېساب
ئىشىكىمنى مۇشتلىماك بولدى.
ئەرلەر بۆلۈمدە ئەرلەر بىھېساب
ئاۋات قىلماقتىمىز دوختۇرخانىلارنى....
جېنىم خېنىم....

2006 - يىلى، چىرا



# چۈش

كېلسەن چۈش ئارا شۇنچە خىرامان،
ئەزرائىل باش ئۇرار ئاياغلىرىڭغا.
بىلمەيمەن قەلبىڭدە كىم بار ناتىۋان،
كىم ئۈزۈك سېپ قويىدى بارماقلىرىڭغا؟

سەن ماڭغان چىغىرلار پۇرايتتى ئەنبەر،
گۈللەرنىڭ سۆلكىتى يوقايتتى تامام.
نەغمىدىن توختايتتى قۇشلار شۇ قەدەر،
كىپىكىڭ كۆزى قان، يەيتتى سېنى خام.

كۆرۈشمەك ئىستەيمەن، كۆرۈشەلمەيمەن،
ئىزىڭغا «نۇقسانىم» يەتمىسۇن دېدىم.
سىزىمەن كۆزۈڭنى، ئوخشىتالمايمەن،
نىگاھىڭ كۆزۈمدىن كەتمىسۇن دېدىم.

ھەببە، كوچاڭدىن يۈرۈشكىنىم راست،
جىق ناخشا يادلىدىم، توۋلىيالمىدىم.
سەمىڭگە سالاتتىم، كۆز تۇمارى ئاس،
سۇ تۇتۇپ ئۇسماڭنى سۇغىرالمىدىم.

چۈشۈمگە كۇندە بىر كىرگىن ھەببە،
قاچانلا خالساڭ شۇ بولسۇن مەيلى.

ۋىچىرلاپ «بۇ ئۆزۈك يالغان» دېگىنە،
بىر خۇرجۇن دۇنياغا سېتىلسۇن مەيلى.

ئەكىلەي يېلىمنى كولاپ ئۇزاقتىن،
مەن ئوراي بېدەڭنى ئېتىز، قىرىڭدا.
ئۆزەي مەن ئالماڭنى چىقماي بېغىڭدىن،
ئۆز ياشاي بىر ئۆمۈر قىلىقلىرىڭدا...

2006 ـ يىلى، چىرا



# يار ھەققىدە قوشاق

«ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.»

كېتەردە بىر سادايىڭ يوق،
كېلەردە بىر سالامىڭ يوق،
ئازابىمغا داۋايىڭ يوق،
بۇجاندىن تانغۇدەك بولدۇم.

بارى بار بىلەن كەتتى،
يارى يار بىلەن كەتتى،
بۇ ئۆمرۈم خار بىلەن كەتتى،
سەپەردە چانغۇدەك بولدۇم.

مېنىڭ نەرىم ساڭا ياقماس،
نىچۈن ۋىسال كۈلۈپ باقماس،
سېنىڭسىز بىر سۆزۈم ئاقماس،
شوراڭدىن قاچقۇدەك بولدۇم.

چىرايىم زەپىران بولدى،
باھارىم جۇت، خازان بولدى،

يامانلاپ بەك يامان بولدى،
ئىزىڭدا ياتقۇدەك بولدۇم.

ئەجەب تارتتىم ئۇۋالىڭنى،
كەچۈر بولسا گۇناھىمنى،
بېرەي چىن ئىشقى بارىمنى،
سېنىڭسىز يالغۇزەك بولدۇم.

2006 ـ يىلى، چىرا



# يارىم كەتكۈدەك

تۈيدى قەلبىم، ئاتا بىچاغ ئازار يەتكۈدەك،
ئەقدەمنىڭ غۇنچىسىگە ئۈششۈك تەگكۈدەك.
بوران بېسىپ باغلىرىمنى خازان ئەتكۈدەك،
ئەتىمىكىن، ئۆگۈنمىكىن يارىم كەتكۈدەك.

ئاتا ئاتاپ تەرگەن ئوسما ئۈنمىگەن تېخى،
قولتۇقلىشىپ باغ ــ چىمەندە يۈرمىگەن تېخى،
بىر باغاشلاپ لەۋلىرىگە سۆيمىگەن تېخى،
ئەتىمىكىن، ئۆگۈنمىكىن يارىم كەتكۈدەك.

مۇڭداشمىغان بارمىقنى ئويناپ ئولتۇرۇپ،
ئويناشمىغان چاچلىرىنى تولغاپ ئولتۇرۇپ،
تاڭ ئاتمىغان ئېقىنلارنى بويلاپ، ئولتۇرۇپ ـــ
ئەتىمىكىن، ئۆگۈنمىكىن يارىم كەتكۈدەك.

گۈللەر تىزىپ قويغان تېخى بېرەلمىگەنتىم،
چالما ئېتىپ ھويلىسىغا كىرەلمىگەنتىم،
سۇ تۇتمىغان باغلىرىغا بىئەپ بىلگەنتىم،
ئەتىمىكىن، ئۆگۈنمىكىن يارىم كەتكۈدەك.

مەن ئۆزۈمچە گەپ تۈنمىدى تېخى دەپتىمەن،
يوقلىمىسا بىتاپ بولغان چېغى دەپتىمەن،

گۆدەكلىكىم، مۇھەببەتنى سېخىي دەپتىمەن،
ئەتىمكىن، ئۆگۈنمىكىن يارىم كەتكۈدەك.

قالارمەنمۇ ئۇشبۇ كۈنلەر دەردتە ـ پىراقتا،
سورىغانغا دەيمۇ ئەمدى يارىم يىراقتا،
بەخت قارار ئەمدى ماڭا قايسى سىياقتا،
ئەتىمكىن، ئۆگۈنمىكىن يارىم كەتكۈدەك.



# سالامنامه

2007 ـ يىلى 21 ـ مارت كېرىيه ناهىيەسىدە ۋىلايەت بويىچە نورۇز بايرىمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پېقىر چىرا ناهىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۇشبۇ شېئىرنى ناهىيەنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە ئۇشبۇ پائالىيەتتە ئوقۇغانىدىم.

نەۋ باھار پەسلىدە سۆيۈملۈك قوشنام —
چىللاپسەن نورۇزلۇق داستىخانىڭغا.
ئۆرۈكلەر پىشمىغاچ كەلدىم قۇرۇق قول —
لىق سۆيگۈ مۇجەسسەم ئەسسالامىمغا.

ئەسسالام چىرادىن، ئاپچىق ئۆرۈكتىن،
ئۇندىكى جىمى جان — دىلى سۆزۈكتىن.
يەتكۈزەي ئۇشبۇ دەم يۇرت تىلىكىنى —
ئۆتمەستە بۇ پۇرسەت، ۋاقتى ـ سۈرۈكتىن.

ئەزەلدىن تاغلىرىم تېغىڭغا تۇتاش،
ئۇزاتتۇق ئۇيۇشۇپ نەچچە ئەسىرنى.
بىر خوراز چىللىسا ئويغىنىمىز تەڭ،
قولمۇ قول ئۆتكۈزدۇق تويىنى، نەزىرنى.

باغلىرىڭ بېغىمغا يانمۇ يان شۇنداق،
ئانارى مېنىڭدىن سەيۋىسى سەندىن.
جۇۋانلار سىزىكتىن چىقماس ياڭاقسىز،
ئويتوغراق شاپتۇلى تاتلىق ھەسەلدىن.

كوئېنلۇن ئانىمىز، ئەمدۇق ئۇنى تەڭ،
ئەل - يۇرتقا جان بەرگەن سۇلىرىمىز بىر.
يىغلىساق تەڭ يىغلاپ، كۈلسەك تەڭ كۈلدۇق،
قېرىنداش، قانداش بىز تومۇرىمىز بىر.

ئاش تاپساق سۇنۇشتۇق، چاي تاپساق تەڭلەپ،
مەشرەپكە تەڭ چۈشتۇق، يۇمۇرىمىز بىر.
يوقلاشتۇق ھېيت - ئايەم، ئېغىر كۈنلەردە،
بىز شۇنداق كۆيۈمچان، زۇۋۇلىمىز بىر.

كېرىيە جامالىڭ رەڭ تۈزۈپ بۈگۈن،
باغرىڭدا كۈلۈپتۇ بەختىيار ھايات.
دېھقاننىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە
راسلاپسەن ئەتىگە بۈركۈتتەك قانات.

ئۇز شەھەر بولۇپتۇ قەدىمىي ئۆتەڭ،
كەلگەننىڭ كەتكۈسى كەلمەس باغرىڭدىن.
ياساپتۇ چاھار باغ كەبى تۇرقۇڭنى —
بۇندىكى ئەمگەكچان، مەرد ئوغلانلىرىڭ.

ھەر سەپنىڭ ئالدىدا باھادىرلىرىڭ،
قىزلىرىڭ ئايلىنىپ كېتىپتۇ گۈلگە.
ھەر كەلسەم بىر پاتمان كۆيۈك بار ماڭا،
ئىچ باغرىم توشىدۇ قوقاسقا، كۈلگە.

ئانامدەك مېھرى ئوت، سۆيۈملۈك دىيار،
مەن بۈگۈن نورۇزدەك سىڭەي باغرىڭغا.

بىر شائىر كەپ كەتكەن دېگىن بىر كۈنلەر —
چېچەكلەر ئىسمىمنى سالسا يادىڭغا.

2007 ـ يىلى مارت، چىرا



# ئايالىم ئۈچۈن يېزىلغان تۇنجى شېئىر

بىر تال مورا، بىر تال قازان، بىر ئوچاق،
بىز تۆتىلا جان مېھرى بىر قۇچاق.
ئۆيىمىزدە سەنلا ئەتىرگۈل،
بۇ شېئىرنى باشلىدىم شۇنداق.

سەن بىر تاللا قىزىل ئەتىرگۈل،
يارىشىسەن ھويلىمىزغىلا.
مەن دېمەيمەن (رەھمەت دېگەن سۆز)،
كېلىپ قالدى بوغۇزۇمغىلا.

ئوتتۇز بەشكە كىرمەي تۇرۇپلا،
بەك جىق ئىشلار ئۆتتى بېشىڭدىن.
تۇپرىقلىك ئەت، غۇنچەك يوق بىراق —
ئۈچ تال «دىۋە» چۆرگىلەر قېشىڭدىن.

بىر ۋاراق قەغەزگە چېچىلىدۇ،
بىر باغلام دۇنياغا چېچىلمىغان ئەر.
بىر كىتاب كۆتۈرۈپ كىرەر كەيپى چاغ،
بىر كىلو گۆش ئۈچۈن چىقىپ كەتسە گەر.

«ئايىغى يوق» پاراڭ، سۆھبەتلەر
ۋەزنى قىممەت، تاۋارسىز شېئىر
ئېلىپ قاچار تالاي كەچلىرى

ئۆيۈگەدىكى بىرلا شائىرنى.
ئوگەغۇل ـ دوگەغۇل دەسسەپ ئىشكنى
تېپىپ كىرىپ، كېچىنى بۇزۇپ
بىزار قىلار پېقىر بىر يەردىن.

كېچىچە دەزماللىغان ئىشتىنى يىرتىق
تۆگمىسىز كۆڭلىكى، تۇرقى چاك ـ توپا.
— ئاپسىز باللار ياۋاش ئىكەن، — دەپ
گۆرسۈلدەپ يېنىڭغا كېلەر بىر بالا.

ئۇ دەيدۇ: سىنىپتا ئابدۇللا قۇمچاق،
ئاپسىز گۈلپىيەنى بوزەك قىپ كەتتى.
خانىمغا دېۋىدىم تەربىيە بەردى.
يۇخادىن چىقمىدىم، قوغلىدىم، ئۇردۇم
گۈلپىيە يىغلىدى،
ئۇ قېچىپ كەتتى.

— ئۇرۇشما، — دەيسەنۇ يۈرىكىڭ شۇر ـ شۇر،
يۇيۇندۇرسەن سۇ بولۇپ ئۇدۇل.
كىيىندۇرسەن قايتىدىن ئۇنى،
ئۇ چىقىپ كېتىدۇ تالاغا مەغرۇر.

كۆزلىرى ئوت، تۇرقى «دىۋە» دەك،
مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ھۆركىرەپ.
مەھەللىنى كىيىپ بېشىغا،
قاقشىتىدۇ جۇشقۇن بىر يەردىن.

ئاڭلىنىدۇ قازان بېشىغا
ئەڭ پاكىز، ئەڭ ساپ بىر يىغا.

كەلكۈن بولۇپ كۆكسۈك شۇ ھامان،
ئالمىشىدۇ چۆمۈچ زاكىغا.

جەۋھەرلىدۇق ھاياتىمىزنى،
جەۋھەرجانغا قاراپ ئولتۇرۇپ.
ئۇ يىغلايدۇ شۇنچە قىيقاسلاپ،
ئۇھ، دېسەڭلا ماراپ ئولتۇرۇپ.
يۆگكىنى «ساناپ» ئولتۇرۇپ،
ھاردۇرىدۇ جەۋھەر بىر يەردىن.

يېتىشسەن ئۈچىمىزگە تەك،
يېتىشمەيمىز بىر كۈن ئاغرىساڭ.
ئۈچ تال مۈشۈك ئۈچ ھارامزادە،
خانىمىزدا بىر كۈن بولمىساڭ.

جىق قىزلارغا شېئىر يازغانمەن،
تۇنجى قېتىم شېئىر يازدىم ساڭا.
يىللار ئۆزى قېرىپ كەتسىمۇ،
ئون سەككىزگە كىرگەنسەن ماڭا.

سەن بىر تاللا قىزىل ئەتىرگۈل،
يارىشىسەن ھويلىمىزغىلا.
مەن دېمەيمەن (رەھمەت دېگەن سۆز)،
كېلىپ قالدى بوغۇزۇمغىلا.

2008 ـ يىلى سېنتەبىر

# جۇشقۇنجاننىڭ بايرىمى

جۇشقۇنجان سىمىز ،
بويى بەك ئېگىز .
سىمىز بولسىمۇ ،
مېڭىشلىرى تېز .

بۈگۈن بايرىمى ،
كاتتا ئايىمى .
سەھەر كەل دېگەن ،
ئۇنىڭ خانىمى .

ئاخشام ئۆيىدە ،
دېدى ھەممىگە —
ئەتە بايرىمىم ،
چۈشىمىز بەيگىگە .

پىسسىلدى قۇشقىچى ،
سەكرەپ كەتتى چۈجىسى .
بايرام كۈنى يېگىن دەپ ،
تۇخۇم تۇغدى توخۇسى .

غات - غات قىلىپ غازلىرى ،
بايرام قىلدى كاتەكتە .

ۋەت ـ ۋەت قىلىپ ئۆردەكى —
باراي دېدى مەكتەپكە.

مىياڭلىدى مۈشۈكى،
سەھەر ئۈنى ئۇيغىتىپ.
تەبرىكلىدى قالغاچلار،
ناخشىسىنى ئوخشىتىپ.

خۇشال قوپتى جۇشقۇنجان،
ئويناپ كەتتى يۈرىكى.
بەك ياراشتى بويىغا،
بايراملىق ئۈز كۆڭلىكى.

جۇشقۇنجان بالام،
بايرىمىڭغا مۇبارەك،
دېدى سۆيۈپ مومىسى.
تاتلىق بولسۇن كۈنۈڭ دەپ،
كەمپۈت بەردى بوۋىسى.

كۈچۈكلىرى سۇۋۇنۇپ،
ئايىغىنى مايلىدى.
قوزىلىرى ئويناقشىپ،
مەرەپ ـ مەرەپ قانىمدى.

توخۇلىرى قاقاقلاپ،
چۈجىلىرى خوش دېدى.
ئۆردەكلىرى كۈلۈشۈپ،
چۈشتە قوپقان بوش دېدى.

سەھەر تۇرۇپ ئانىسى،
پولۇ ئېتىپ ئۆلگۈردى.
ھەي جۇشقۇنجان، جۇشقۇنجان —
ناشتا قىلماي يۈگۈردى.

كەپتەرلىرى بۇقۇلداپ،
قۇشقاچلىرى كۈلۈشتى.
بىلىقدا ندا بىلىقلار،
پىلتىڭلىشىپ ئۈزۈشتى.

ھەي جۇشقۇنجان، جۇشقۇنجان
ئۇنتۇلۇپتۇ دوپپىسى.
ئارقىسىدىن مالتاقلاپ،
ئېلىپ كەتتى ئۇكىسى.

مەكتىپىدە جۇشقۇنجان،
بەكمۇ خۇشال ئوينىدى.
مۈشۈك، توخۇ، ئۆردەكنى،
قوزىسىنى ئويلىدى.

ئاشۇلارمۇ مېنىڭدەك،
بۈگۈن بايرام قىلامدۇ.
سوۋغا بەرسەم ئۇلارغا،
رەھمەت دەپلا ئالامدۇ.

سالام ئوماق جۇشقۇنجان،
سالام ئوماق بالىلار.

بۈگۈن بايرام سىلەرگە،
شۇڭا خۇشال ئانىلار.

ئەي باللار، باللار،
بۈگۈن ياير اپ كۈلۈڭلار.
خۇشال بولسا ئاناڭلار،
كۈندە بايرام بىلسەڭلار.

2008 ـ يىلى، چىرا



# ئوتتۇز بەش ياشلىق بالىلار بايرىمى

(2009 ـ يىللىق بالىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن)

بۈگۈن بايرام دېدى جۇشقۇنجان،
ئانام مېنى يېتىلگەندەك
يېتىلدىم ئۇنى مەكتەپكە.
ئۇ ئاجايىپ شادلىق ئىلكىدە
قېتىلدى ھەم بايراملىق سەپكە.

چۇشكۇم كەلدى مەيدانغا، ئەپسۇس،
داجىپ قالدى ئارتقا بۇرۇتۇم.
ئىچ ـ باغرىمنى ئۆرتەپ بىر يىغا،
بوغۇزۇمدىن ئۆتتى بىر يۇتۇم.

قايتتىم ئاستا، مېنى كەل دېدى،
ئوتتۇز بەش يىل ئاۋۇالقى سەھرا.
ھەربىر گىياھ بەردى بايراملىق...
ئاھ، رەھمەتلىك ئانامدەك گويا.

پۇچۇلاندىم كۆك قۇمدا يالغۇز،
ناخشا ئېيتتىم ئاۋۇالقىدەكلا.
سالام بەردىم ئۆگەنگىنىمچە،
ھەممە نەرسە ھېلىقىدەكلا.

قومۇشلۇقۇم
يوپۇرۇلۇپ كەلدى ئالدىمغا،
بىردەمدىلا ئېلىۋالدى مېنى ئارىغا.

ئوتتۇز بەش ياشلىق تومۇچۇق،
ئوتتۇز بەش ياشلىق پاتمىچۇق.
ئوتتۇز بەش ياشلىق كېلەر ـ سالمىلار
ئوتتۇز بەش ياشلىق سېغىز ـ چالمىلار
دۆمچەك توشقان، ساقاللىق بېلىق،
يالغۇز توغراق (چېچى يوق قىرىق
غۇر ـ غۇر شامال تاپىنى يېرىق...
ئوتتۇز بەش كۈن يول مېڭىپ يۈرۈپ
كېلىۋالدى يەنە قېشىمغا.

بىز جىق ئىشلارنى قىلىشتۇق،
مۆگداشتۇق، چاقچاقلاشتۇق ، كۈلۈشتۇق.
يوشۇرالمىدۇق ئەيىبىمىزنى
بايرامنى ئوغرىلاپ كەلدۇق دېيىشتۇق.
دوستى يوققا دوست بولۇپ
ئانىسى يوققا يىغلاپ بېرىشتۇق.

ئوتتۇز بەشكە كىردى 6 ـ ئاي
ئوتتۇز بەشتە كۆلەر ئالتۇن ئاي.

ئوتتۇز بەش يىل ئېقىپ ئېرىقلار
ئوتتۇز بەش تال بولدى بېلىقلار
ئوتتۇز بەش خىل ئەمدى قىلىقلار.

ئوتتۇز بەش تال شاخلىق تېرەكلەر
ئوتتۇز بەش تال تەندە يۇرەكلەر.

ئوتتۇز بەش تاش ئاقار ئۆستەڭلەر
ئوتتۇز بەشكە كىرىپ كەلكۈنلەر.

ئوتتۇز بەشكە كىردى بالىلار
ئوتتۇز بەش مەن دەيدۇ دالىلار
ئاراڭلارغا ئېلىڭلار دەيدۇ
ئوتتۇز بەشلىك قويلار، كالىلار.

كەچ بولدى.
شەھەردىكى بالىلار
بايرىمىنى تاپالماي ئاخىر
سېغىنىپ چاينى
مۇز كالتىكى يەپ
ئاستا - ئاستا قايتتى ئۆيگە
قايتىشتۇق چۇرۇقلاپ ئۆيلىرىمىزگە.

بىر يېرىم كەم، بىر يەرلىرىم كەم،
ئوتتۇز بەشتە تار كەلدى جاھان.
قېتىپ قالدى قۇياش شۇ يېتى
يۇرەك باغرىم لەختە - لەختە قان.
ئۇچۇپ كەتتى قۇش بولۇپ ئاستا
ئاتمىش بەشكە كىرىپ ئانىجان.

مەن سەھرادىن قايتقۇچە
ئاڭلاپ قالدىم جىمى باللار
قوشاق قاتتى مېنى كەپتۇ دەپ.
بوغۇزۇمغا كەپلەشتى يىغا
چانىقىمدىن سىرغىدى بەخت
ئاسمان چۈشتى بېشىمغا لەپ ـ لەپ.
ئوتتۇز تۆت يىل كۆلدۈرۈپ قويۇپ
ئوتتۇز بەشكە كەلگەندە بايرام،
دەريا قىلىپ يۈرەك ـ باغرىمنى
كېتىپ قالدى ھەلىمخان ئانام.

قىسمەت مېنى قويدى بەك پەسلەپ
ھەممە ماڭا سۆزلەيدۇ سەنلەپ.

قوشاق:
بۇ بايرامدا كەمپۈت يوق،
قېنى خانىم ئانىمىز.
قايان كەتتى خوش دېمەي،
نەگە ئىزدەپ بارىمىز.

ئۇ بايراملىق بېرەي دەپ ـــ
بەلكى بىزنى گوللىغان.
كەمپۈتى يوق قولىدا،
ئانىسى يوق دولقۇنجان...

كەتكەنمىدۇ بىزنى دەپ،
يا بايراملىق ئالغىلى.

يۇلتۇزلارنى سەپ قىلىپ،
ئاڭا پۇشتەك چالغىلى.

چۆچۈرىدەك يۇلتۇزلار،
ئاغرىماڭدۇ ئىچىڭلار.
قىلمايلى بىز خەقشىلىك،
ئانىمىزنى بىرىڭلار.

ھەي دولقۇنجان، دولقۇنجان
ئانىسى يوق دولقۇنجان.
ئانا بولۇڭ بىزگە دەپ
ئانىسىنى سەھەردە
پەرىشتىلەر ئېپ قاچقان.

كەچۈر مېنى تاغلار پۈكلەندى،
بالىلىقىم خەير ـ خوش ئەمدى...

2009 ـ يىلى ئىيۇن، چىرا

# چوڭ ئۆي

(رەھىمەتلىك، مېھىر - مۇھەببەت سۇلتانى، بىباھا تاجىم مەرھۇم ئانام ھەلىمىخان يۇسۇپ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى خاتىرىسىگە)

ئۆيۈم بولدى، ئۆي بولدى، مەن چوڭ ئۆيگە سىغىندىم،
تېپىنىش بار ئادەمدە، مەن چوڭ ئۆيگە تېپىندىم.
باش ئۇرغۇم بار توپىسى، چالمىسىغا يۈز يېقىپ،
چوڭ ئۆي ماڭا ئارتۇقتۇر نەقلا گېپىم قىبلىدىن.

گۈلخان سالغىن ئۆزۈڭچە ئىسسىقى يوق كاڭچىلىك،
كاۋاپ يېگىن تېتىمدۇ ئاناڭ ياققان نانچىلىك.
لاي سۇۋاقلىق ئاشۇ ئۆي خان ئوردىسى بىلگەنگە،
مېھرى ئاڭا يېتەمدۇ ساراي ئەتكىن قانچىلىك.

تاپقانلىرىڭ قۇت بولماس داداڭ بەرگەن ھېيتلىقچە،
رىتسېپ يازماس مىڭ تېۋىپ ئاناڭ سوققان چايلىقچە.
ئالتۇن جامدا زەمزەم ئىچ ئۇلپەت بولسۇن ھۆرىلەر،
بولالمايدۇ ئۇسسۇزلۇق ئاناڭ سۇنغان قېتىقچە.

ئەمەلىڭدىن گىدەيمە ۋاقتىلىقتۇر مۆھۈرى،
ئاناڭ بەرگەن ياغلىقچە يوقتۇر ئۇنىڭ ھۇزۇرى.
تاڭ ئاتقۇچە پاراڭ قىل سورۇن تۈزۈپ سۆزمەندىن،
داداڭ ئېيتقان ھېكمەتچە يوق ھېساملىنىڭ يۇمۇرى.

سامان تەكىيە ئالدۇ ئاغرىقنى بېشىڭنىڭ،
چىلان قوشۇق دورىسى توزۇپ كەتكەن چىشىڭنىڭ.
يۆلەپ تۇرار چوڭ ئۆيۈڭ يورۇق قىلىپ يۈزۈڭنى،
ئۆچكىنىدە ئوڭ - سولى قىلغان ھەر بىر ئىشىڭنىڭ.

زەن سېلىپ باق چوڭ ئۆيىنىڭ چۈشىنىمۇ سۆيۈملۈك،
پوتلا تامدا بالىلىق، پوتلا تاملار كۆرۈملۈك.
مەخمەلدە يات، يىپەكتىن پالاس سالغىن تېگىڭگە،
چوڭ ئۆيدىكى كىگىزچە بىلىنمەيدۇ كۆيۈملۈك.

ھەممە ئۇرسا بېشىڭغا ئۇ سىلايدۇ ئاۋايلاپ،
تەنقىدى يوق كېچىكسەڭ، بارمىساڭمۇ ئاي - ئايلاپ.
شۇ كونا ئۆي ھەر كۈنى يەپ چىقىدۇ غېمىڭنى،
يۈرگىنىدە تۇرمۇشنىڭ ۋاللىيىدە ۋاي - ۋايلاپ.

بىر كىملەرگە خارۇسەن، چوڭ ئۆيدىلا شاھزادە،
ۋاقىت توختار رايىڭچە، سەن شۇنچىلىك ئازادە.
كۆچكەن بىزگە مۇھەببەت، مېھىر - ۋاپا شۇ يەردىن،
ۋاپا بىلەن ئاتىلىقسەن (يۈرسەڭمۇ گەر پىيادە).

يىلتىزىڭغا تەگلەشمەس، بولسۇن قانچە بىساتىڭ،
مەڭگۈلۈكسەن قىسقارماس چوڭ ئۆيدىكى ئىشتاتىڭ.
كۆمەچ كۆمگەن ئوچاقنىڭ كۈلىسىمۇ بىباھا،
ساڭا بېقىپ رەڭ تۈزەر تاپ باسقانچە ئەۋلادىڭ.

ئەمدى بىلدىم ئانىلار — كۆكلەم، نورۇز، باھاركەن،
كائىناتقا تەبەسسۇم ئانىلاردىن تاراركەن.

ئانام كەتتى چوڭ ئۆيدىن گۈلزارىمىز قۇرۇدى،
ئاھ، ئانىسىز بۇ ھايات ئىچ - باغرىڭنى ياراركەن.

قۇش بولمىغىن ئەي ئوغۇل، پەسلىدە بىر كەلگىلى،
ھەپتىدە بىر بولسىمۇ كېلىشلىك ھەق سالامغا.
ئىھ، ھېلىمۇ ئۆلگۈرەر ماڭلىيىڭغا سۆيگىلى —
كېلىڭ غوجام بالام دەپ ئاناڭ چىقار ئالدىڭغا.

چوڭ ئۆي دېگەن بىر گۈلخان شۇئىرغاندا قىينالساڭ،
مەيىن شامال، باھار ئۇ گەر تومۇزدىن ۋايسانساڭ.
چوڭ ئۆي دېگەن بېھىش باغ، چوڭ ئۆي ساڭا يۆلەك تاغ،
نەگە سۇنساڭ يېتىدۇ چوڭ ئۆيدىن قول ئۇزاتساڭ.

بالىلىقىم تويۇنغان شۇ چوڭ ئۆيدە قانغۇچە،
مەن چوڭ ئۆيدىن ئۈزىنغان باش بېكەتكە بارغۇچە.
بار دېيىلسە تۇز - تەمىم، شۇندىن كەلگەن خۇرۇچى،
مەن چوڭ ئۆيدىن ئۇزايمەن خاتىمەمگە يانغۇچە.

2009 - يىلى ئاۋغۇست، چىرا

# ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا

ئاتا دېگەن مۇقەددەس تەڭدىشى يوق پانىيدا،
كىمنىڭ بېشى تىك ئەمەس ئاتا تۇرسا يانىدا.
ھايات دېگەن باغرى تاش، ھېلى بارى ـ ھېلى يوق،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا .

تاغ سۈپەتلىك ئاتىلار، يۆلەنچۈك ئۇ يۆلەنسەڭ،
قۇياش بولۇپ كۆلىدۇ سەن بەختكە بۆلەنسەڭ،
ئات سالىدۇ يولۇڭغا سەن يىراقتىن كۆرۈنسەڭ،
يېرىلمايدۇ يۈرىكى سالام ـ سەھەت ئۆگەنسەڭ،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا .

بالىلىقتا (بىلمەسلىك) خەقىش قىلدىڭ ئاتاڭغا،
كىرپىكىدە ئالدى ئۇ تىكەن كىرسە پۇتۇڭغا،
شۇغىرغاندا مۇزلىساڭ ئايلاندى نەق ئوتۇنغا،
ۋاي بالام دەپ شورىدى ھەرە قونسا يوتاڭغا،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا .

زاغرا يېدى پولۇنى سۇرۇپ قويۇپ ئالدىڭغا،
دانچە گۆشنى ئىلغىدى ئاۋۋىلىدا قاچاڭغا،
ئۆزى نىمكەش، سارجىنى ئاداش قىلدى ئۇچاڭغا،
تاتلىق ـ تۇرۇم كەم بولماي كەلدى دائىم بوخچاڭغا،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا.

گا ئوينساڭ چىدىدى كېسىپ بەردى جىرىمنى،
«ھەربىي ـ دۆشمەن» ئوينساڭ كولاپ بەردى قىرىمنى،
توپ ئوينساڭ گار بولۇپ، تەڭلەپ تۈنجى تىلىمنى ـــ
قوغۇن قىلدى سەن ئۈچۈن بۇزۇپ ئوبدان تېرىمنى،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۈنىڭ ھايات بارىدا .

ياشلىقىڭدا ياشلىق دەپ ئۈنى تولا قاقشاتتىڭ،
كېچە ـ كەچلەپ سىرتلاردا نەلەرگىدۇ تاش ئاتتىڭ،
جېدەل قىلساڭ ئاجراتتى (يۈرىكىگە ياش ئاتتىڭ)،
بار ـ يوقىنى سەن سوروپ تاماشاغا باش ئاتتىڭ،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۈنىڭ ھايات بارىدا .

ئۆي ئايرىدىڭ (ئەركەكلىك) سىلىپ بەردى تونۇرنى،
كەم قىلمىدى ئۈنىۈڭنى، ئوچىقىڭدىن ئوتۇننى،
كىر ـ قاتلىرىڭ جۇغلانسا ئالغاچ باردى سوپۇننى،
خامان سوقسا ئەڭ ئاۋۋال سۇنۇپ بەردى باش بۇننى،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۈنىڭ ھايات بارىدا.

ئايىمدى ئۇ سەندىن بارى ـ يوقنى، جېنىنى،
ياداپ كەتسەڭ دەڭلىدى قولىدىكى نېنىنى،
يەپلا چىقتى بىر ئۆمۈر سەن باللىنىڭ غېمىنى،
تىنىم تاپماي مۇدۇرۇپ ئاللىمىدى دېمىنى،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۈنىڭ ھايات بارىدا .

پاقلان سويسا بالام دەپ ئېلىپ قويدى بويۇننى،
كاۋا ئۇزسە سېنى دەپ خىللاپ قويدى يوغاننى،
ئۇخلىۋالسۇن بىردەم دەپ ئۆزى تۇتتى تۇغاننى،

پاسا چاپتى كۆرمدىڭ، كېچە ئورما ئورغاننى،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ هايات باردا .

يىغقىنىنى تەڭلىدى چىقىپ قالساڭ سەپەرگە،
بەلبېغنى ئەۋەتتى موهتاج بولساڭ كەمەرگە،
باچكىسنى پىشۇردى (ئامراق تۇرساڭ كەپتەرگە)،
ئاتاڭ ياندا بولغاچقا سەن ئوخشىدىڭ ئەختەرگە،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ هايات باردا .

مىندى تېخى بەزىدە باللىرىڭ ئات ئېتىپ —
بارغىنىدا ئۆيۈڭگە نەۋرىسنى ياد ئېتىپ،
يىغقان يۇڭدا سەن ئۇچۇن كىگىز قىلىپ، كات ئېتىپ —
كېۋەز تەرسە يوتقان تور ئالغاچ باردى قات ئېتىپ،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ هايات باردا .

هالا بۇگۈن ئاتاڭنىڭ قورۇق باستى يۈزلىرى،
ئاۋايلايدۇ يول ماڭسا خىرەلەشتى كۆزلىرى،
بەزى - بەزى ئازىدۇ قولاشمايدۇ سۆزلىرى،
ماغدۇرىنى كەتكۈزدى ئېتىز - ئارەك تۈزلىرى،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ هايات باردا.

ساڭا موهتاج ئۇ ئەمدى تاماسى يوق پۇلۇڭدىن،
يوقلاپ تۇرساڭ شۇنچە خۇش كۆز ئۈزمەيدۇ يولۇڭدىن،
هاتەم كەبى مەغرۇر ئۇ تۇتۇپ ماڭسا قولۇڭدىن،
كۆرسە سېنى كۈندە بىر ئارمىنى يوق بۇنىڭدىن،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ هايات باردا .

سەنتۇرۇلەر يول ماڭسا يۆلۈۋالغىن دولىنى،
مۇڭدىشۋال ئۇزۇنراق تۇتۇپ قويغىن غولىنى،
چايلىرىنى دەملەپ بەر، ئۇۋۇلاپ قوي قولىنى،
كۆپ ئاڭلۇۋال گېپىنى ئادەملىكنىڭ يولىنى،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا.

تاغ بولغانتى ئۇ ساڭا، چاققان ھاسا بولۇۋال،
ساقلىنى ئىۋېتىپ، دۈمبىسىنى سىلىۋال،
تىرنىقىنى ئېپ قويغىن، پۇتلىرىنى تۇتۇۋال،
يالغۇز قويما كەچلەردە ئۇنى كۆپراق پۇرىۋال،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا.

ئۇ كەتكەندە ئاقىۋەت يامغۇر بولۇپ تۆكۈلمە،
كەملىكىدىن جىق ئىشنىڭ پۇچۇلانما، ئۆكۈنمە،
كەچۈر ئاتا مېنى دەپ سۇرىتىگە يۈكۈنمە،
ئەل ـ مەلىنىڭ ئالدىدا چىت، ماتادەك سۆكۈلمە،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا.

ھايات دېگەن باغرى تاش ھېلى بارى ھېلى يوق،
چاققا ئوخشار بۇ ھايات بىر چېكەتسە يېلى يوق،
ھېچنېمەڭنى ئايىما ئۇنىڭ بارار يېرى يوق،
بۇ دۇنيادا ئاتاڭدەك يۆلەك تاغدىن بىرى يوق ،
ئال بېشىڭغا ئاتاڭنى ئۇنىڭ ھايات بارىدا .

2009 ـ يىلى ئاۋغۇست، چىرا

# سالام سىزگە مېھرىبان!

(ھۆرمەتلىك رەھبىرىمىز ئىسمائىل ئەھمەدكە ھۆرمەت بىلەن سۇنىمەن)

سالام دەيدۇ ئانا يۇرت، سىز كەلسىڭىز چىراغا،
ھارارەتلىك بىر سېزىم يېتىپ بارار تويىغا[1].
مويسىپىتلەر، موماي‌لار ئامانمۇ سىز بالام دەپ —
جۇغلىنىدۇ ئەل - مەلە چوڭ تېرەكلىك[2] ھويلىغا.

كەلگىن جېنىم قوزام دەپ باغرىنى ئاچار ئانالىق[3]،
تۆۋىشىدىن بىلدۇق دەپ ۋىلىقلايدۇ ئېرىقلار.
سېغىزلىق[4]قا سۇ كېلىپ كۆلكە باستى زېمىننى،
ئەركىلەيدۇ پىلتىڭلاپ سىزنى سوراپ بېلىقلار.

چاڭگا بۇزغان چېغىڭىز ئەسكە چۈشۈپ قۇشقاچلار —
خەۋەر بېرەر ئەتراپقا سىزنى يەنە كەلدى دەپ.
ھەر چىرايدا مىڭ جىلۋە، ھەر جىلۋىدە ھاياجان،
ھاياجاندا سۆزلەيدۇ ھايات قۇچاق كەردى دەپ.

چۆمۈلگەنمۇ بىز دەك دەپ خىيال قىلار سىزنىمۇ —
كەلكۈن پەيتى يالىڭاچ ئازمىدىكى «بەڭباش»لار.
ئەينى چاغدا دۆڭمۇ دۆڭ زەپ مۆكۈشمەك ئوينىغان،
ئەمدىلىكتە ساقاللىق سىزگە يېقىن ئاداشلار.

يوللار سىزگە مەخمەلدۇر، زەردۇر يۇرتنىڭ توپىسى،
تونۇۋالار بىر كۆرسە سىز باش تەرگەن ئېگىزلار.

تۆكمە قىلار مېھرىنى، مىلك تەبەسسۇم ئىلكىدە ــ
سويما ئۈزگەن، سۇ تۇتقان چوڭكۆل[5]دىكى ئېتىزلار.

يېشىل تونغا پۈركىنىپ ئەسسالام دەپ پىچىرلار ــ
پادىلارنى سەپ قىلىپ سىز مۇڭداشقان بارخانلار.
مەڭزىڭىزگە سۆيىدۇ ئەركىلىشىپ، پەپىلەپ،
چوڭ ئۈجمىگە[6] سىڭىشكەن سىزگە ئامراق شامالار.

گۈلگە ئامراق خۇيىڭىز ئانالىقتا يېتىلگەن،
گۈل ـ غۇنچىلار شۇ سەۋەب بايرام قىلدى شادىمان.[7]
ھەر بىر غۇنچە بىر ئالەم مېھرىڭىزگە كۆمۈلگەن،
ئانا يۇرت دەپ گۈررۈلدەر باغرىڭىزدا بىر گۈلخان.

يەتتە تېرەك[8] نۇرىدا كەلدىمۇ دەپ سورايدۇ،
بويۇندايدۇ شادلىنىپ توپا ياققا ئۇلۇغساي.[9]
گۈلاخمادا كۆمەچكە قىيما قىلىپ تۇغقانلار،
ساقلىشىدۇ پۇناقلىق[10] كېلەرمىش دەپ ئۇخلىماي.

دامكۇلۇقلار[11] سۇ سېپىپ ھويلىسىنى تارايدۇ،
كەلدىمۇ دەپ پات ـ پاتلا چىرا تامان قارايدۇ.
يۇرت ھۆسندە بىر ئۇزلۇق، ئىنسان دېگەن مېھرىبان ـ
مېھىر بىلەن بىرىگە بىرى شۇنداق يارايدۇ.

سالام دەيدۇ ئانا يۇرت سىز كەلسىڭىز چىراغا،
سالام دەيدۇ ھەتتاكى بۇندا تاغۇ تاشلارمۇ.
سالام دەيدۇ پىچىرلاپ تارىخنى ۋاراقلاپ ــ
ئەينى چاغدا سىز ماڭغان يالاڭ ئاياغ سايلارمۇ.[12]

ئانا تۇپراق ھەر دەقىق پەخىرلەندى سىز بىلەن،
تاتلىق ئۆتتى كۈنىمىز ئارا يىراق بولسىمۇ.
نەدە بولماڭ يۇرت مېھرى قەلبىڭىزنى ئۆرتىدى،
بىزگە سۇنۇپ تۇردىڭىز زەررە شادلىق بولسىمۇ.

تارىخ گۇۋاھ، ئەل گۇۋاھ ، ئۇنتۇمايدۇ ئانا يۇرت —
سىز بولدىڭىز يۇرت ئۈچۈن يامغۇر بولۇپ تۆكۈلگەن.
سالام سىزگە مېھرىبان، سالام بۇندا ھەر جاندىن،
ھەر سالامغا ئانا يۇرت سېغىنىشى كۆمۈلگەن.

2009 ـ يىلى ئاۋغۇست، چىرا

---

① يولداش ئىسمائىل ئەھمەد تۇغۇلغان ئانالىق كەنتىنىڭ ھازىرقى نامى، ئەينى چاغدا توپا بىر يېزا بولۇپ ئانالىق كەنتى مۇشۇ يېزىغا قارىغان. ② يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھويلىسىدا تارىخى 300 يىلدىن ئارتۇق دەپ بېكىتىلگەن غايەت زور بىر تۈپ قاپاق تېرەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ③ ئانالىق — يولداش ئىسمائىل ئەھمەد تۇغۇلغان كەنت نامى. ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى مۇشۇ كەنتتە ياشاپ ئۆتكەن. ④ يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ زور تىرىشچانلىقى ۋە كۈچلۈك قوللىشى ئارقىسىدا چىرا ناھىيەسىدە سېغىزلىق سۇ ئامبىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن چىرا يېزىسى ۋە چىرا بازىرىنىڭ سۇغىرىش شارائىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ياخشىلاندى. ⑤ چىرا يېزىسىدىكى كەنت نامى، سەلىمە خانىمنىڭ تۇغۇلغان جايى. ⑥ يولداش ئىسمائىل ئەھمەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھويلىسىدا تارىخى 280 يىل دەپ بېكىتىلگەن غايەت زور بىر تۈپ ئاق ئۈجمە ۋە بىر تۈپ شاتۇت دەرىخى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ⑦ بۇ مىسرالاردا يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ چىرانىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ كېلىۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ⑧ چىرا ناھىيەسىنىڭ نۇرى يېزىسىدىكى غايەت زور 7 تۈپ تېرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ⑨ يولداش ئىسمائىل ئەھمەد تۇنجى خىزمەتكە قاتناشقان يېزا نامى. ⑩ دامىكۇ يېزىسىدىكى كەنت نامى. ئەينى چاغدا يولداش ئىسمائىل ئەھمەد بۇ كەنتتە بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان. ⑪ چىرا ناھىيەسىدىكى يېزا نامى. ⑫ يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان «تەكلىماكاندىن ھالقىغان ئوغلان» ناملىق كىتابتا يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ئەينى يىلى ئۇلۇغساي يېزىسىدىن ناھىيە بازىرىغىچە بولغان 90 كىلومېتىردىن ئارتۇق چۆلنى پىيادە بېسىش سەپىرىدە ئايىغىنىڭ يىرتىلىپ كېتىپ، بۇ سەپەرنى يالاڭ ئاياغ داۋام ئەتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

# پارچىلار

## 1

تىرىشساڭ مۇدۇرۇپ جاپا تۈگەيدۇ،
ياخشىلىق ئىزدىسەڭ گۇناھ تۈگەيدۇ.
يېتىملار بېشىنى سىيلا نۇرتايدەك،
ئەجەل بىر كېلىدۇ، دۇنيا تۈگەيدۇ.

## 2

ئىنساننىڭ يامان ئات ئېلىشى ئاسان،
ياخشى نام دېيىنى مىڭ تاسقار جاھان.
كىمكى ئانىنىڭ ئىززىتىن قىلسا،
ياخشى نام دېگەن شۇ، كۆكلەر ئۇ ھامان.

## 3

ئىنسانسەن، تالاشما ئىتتىن سۆڭەكنى،
يولاتما رىزقىڭغا كۈلنى ـ كۆيەكنى.
كەڭرى تۇت قورساقنى ــــ دۇنيا دېگەن شۇ،
ياش تۇرۇپ قىرىتما غەمدە يۈرەكنى.

**4**

بەزىلەر ئەقلىمنى كۆلۈپ ساپ ئەتتى،
چۆمۈچكە چىققانىنى شۇئان كاپ ئەتتى.
ئىغىرلىق دەستىدىن سۇنغاندا بىلىم،
پالتىغا تاشلىدى، «ئۇرە، چاپ» ئەتتى.

**5**

سەن ئىگىز، مەن پەستە ئارىمىز چەكسىز،
مەن گاداي، سەن ئۈچۈن مەئىشەت چەكسىز.
ۋىجدانىنى نەپ بىلەن تېگىشىش ھارام،
ھارامنى قوسماق بار ھاياتتا شەكسىز.

**6**

بىر قولدا جاھاننى بولماس پىرقىرىتىپ،
نام - ئابرۇيى كەلمەيدۇ باققىن قىچقىرتىپ.
سەن قانچە زەردار بول، شۇنچە كىچىكلە،
ئەجەل ئۇ كەلمەيدۇ ئاۋال ئىسقىرتىپ.

**7**

كۆيگەندە گۇناھ يوق سۆيمىسەڭ بىكار،
ئىگەرسىز ئات بىلەن بولمىغان شىكار.
دىل بەرسەڭ دىلبىرىڭ ئۈستىگە يەنە —
دەۋەرگىن «مىنى تېز قوتانغا ئاپار».

8

تاپقىنىم تىنىمسىز پارىغا كەتتى،
خۇشامەت دىلىمنى ئازكۈن خۇش ئەتتى.
ئالتۇن شوت قاراسلاپ سۇنغاندا ئاخىر،
ھەقىقەت رەستىدىن كۈندە «پوش» ئەتتى.

9

ئازكۈنلا خۇش ئېتەر سېنى ساختىلىق،
ئۇنتۇلماس كىشىگە قىلساڭ ياخشىلىق.
يېتىملار بېشىنى سىيلا ئىچىڭدىن،
ئۇلار ئاچ، زەھەردۇر يېگەن ناشتىلىق.

10

ئانا دەپ بار شائىر نەزمىلەر قاتتى،
بىراۋلار ناخشا قىپ پۇل تاپتى، ساتتى.
ئاھ، ئانا ئازابتىن ئىڭرىغان چاغدا —
شۇنداقتىن بىرى دەل بېشىنى تارتتى.

11

ئەل بەرگەن بېشىڭغا ئەمەل تاجىنى،
شۇ سەۋەب ئۈستۈڭدە بەخت لاچىنى.
ئېسىڭدىن چىقسا گەر ئەل - ئاۋام بىركۈن،
ھەقىقەت ئالدۇ قولغا قايچىنى.

12

قولۇڭدىن كەلمىسە پو ئاتما،گەپ يوق،
راست سۆزلە، راست سۆزگە ھېچيەردە خەپ يوق.
بۆز تۇرۇپ كۆرسەتمە ئۆزۈڭنى مەخمەل،
يالغۇزسەن ئاقىۋەت، بۇنىڭدىن سەت يوق.

13

ياز دوستۇم ئاۋامنىڭ كۆلكىسىنى ياز،
يىغىسى، مادارى، ئۆزرىسىنى ياز.
ياخشىغا يانپاشلاپ ئېسلىماق ئاسان،
پادىنى قوي، كۆچەپ تۈلكىسىنى ياز.

14

يەڭدىن قول، ياقىدىن كۆلۈپ باش چىقتى،
كولىدۇق دەريانى گۆھەر تاش چىقتى.
كېچە بىر يوتقاندا مۇڭداشقان ئىدۇق،
ئۇشبۇ دەم تاشنى دەپ كۆزدىن ياش چىقتى.

15

ساقلىقنىڭ ــ بايلىقنىڭ، نەپكە بېرىلمە،
زابويلار قاتارى سەپكە بېرىلمە.
ھەممىدىن يامىنى يەنىلا ئېغىز،
شۆكرىگە تارتقۇشلا، گەپكە بېرىلمە.

## 16

چالمىغىن يامانىنىڭ ئەسلا دېپىنى،
قىلمىغىن كەتكەنىنىڭ ئەسكى گېپىنى.
بار بىلەن ئۆز ياشا، ھەقىقەت بىركۈن —
ئوڭشايدۇ جاھانىنىڭ ئېپى - جېپىنى.

## 17

زەردار بول ئاقىۋەت بەربىر ئۆلۈم،
يوقسۇل بول ئوخشاشلا ھاياتتا كۆرۈم.
مىڭ مەرتە كۈلدۈرۈپ ئۆتىدۇ سېنى،
ئاجىزغا سۇنغان شۇ بىر تاتلىق - تۇرۇم.



# يىغىن خاتىرىلىرى

(سېكىل)

## ماۋزۇسىز

گېزىتلەر ئۆزۈلمەي كەلسە ناۋادا،
بۇ يەردە يىغىننىڭ ئېچىلمىقى ھەق.
تېلېفوننىڭ ئۈنۈمى يەتكەن چېكىگە،
بوش جاي يوق تاملاردا، «تەسرات» لار تەق.

سەھەرلا مەن يەنە ئالدىم تېلېفون،
ياق مېنى تېلېفون ئالدى ئالدىراش.
تۈنۈگۈنكى تەلەپنى يەتكۈزمەي تېخى —
يۈگۈردۈم، كېچىكسەم تىكلىنەلمەس باش.

تۈزۈشتۈق ئەتىنىڭ پىلانلىرىنى،
«بەش تۈرلۈك تەلەپ» نى ئەزدۈك بىرمۇ بىر.
دەرىجە بويىچە سۆز ئالدى ھەممە،
كەچ كىردى، بۇيەردە تېخىچە پىكىر.

تاماكام تۈگىگەن خېلى بۇرۇنلا،
مەن ياندىم قولۇمدا «يوليورۇق» رېتى.
كېچىچە چۈش كۆردۈم : — پوچتالىيوننىڭ —
قۇش بولۇپ ئۇچقۇدەك ۋاھ، ۋېلسىپىتى.

ئاھ، شۇدەم تاڭ ئەمدى سۇزۇلگەن مەھەل
چۈش قالدى، ھاڭرىدى تېلېفوننىڭ تېنى...

## بىرىنچىدىن ...

ئۆچلا تۆرلۈك يوليۇرۇق بار دەپ قوياي،
بىرىنچىدىن ۋاقىت قولدىن كەتمىسۇن.
ئەتە يەنە كېلىدىكەن تەكشۈرۈش،
كىچىك كۆز بوپ دىلغا ئازار يەتمىسۇن.

بىرىنچىدىن كەلكۈن تامام توختىدى،
ئاق قالمىسۇن يەرلەر ئامال قىلىلى.
سۇنى پەقەت بۇغداي ئۈچۈن بېرىمىز،
چوقۇم بۇ ئاي مىلىق مو كۆچەت تىكىلى.

بىرىنچىدىن مەھەللىۋى ئوغۇت ئاز،
خىمىيەۋى ئوغۇتنى كۆپ سالىلى.
پۇل بولمىسا كارى چاغلىق مەكتەپلەر —
باللاردىن تېزەك يىغىپ ئالىلى.

بىرىنچىدىن ئالۋان - ياساق ئاز بولسۇن،
يول - يوللاردا چاقناپ تۇرسۇن شوئارلا.
پىلە بۇ يىل كەملەپ كەتسە بولمايدۇ،
كەملەتكەنگە جەرىمانە شۇئانلا.

بىرىنچىدىن باغباراڭلار ئاينىسۇن،
يىل ئاخىرى بولدى دوكلات يازىلى.

ئازايىمىسەن چارۋا سانى قوتاندا،
تەكشۈرۈشكە تۆت ـبەش گۇرۇپ بارىلى.

بىرىنچىدىن خىراجەتنى تېجەيمىز،
تەكرار دېدىم ئىسراپچىلىق قىلمايلى.
يېڭىلايلى ماشىنىنى يەنە بىر،
يىغىنلارغا ئەمدى كېيىن قالمايلى...

بىرىنچىدىن....

## ئاخىرقى سۆزۈم بۇ...

ئاخىرقى سۆزۈم بۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى،
يولداشلار مېنىڭدە بولسۇنكى قۇلاق.
يىغىننىڭ تەلىپى ئايان ھەممىگە،
قايتساققۇ بولاتتى، ئېھتىياج بىراق...

ئاخىرقى سۆزۈم بۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى،
پالانى مۇنداق دەپ سۆزلىدى ئۇزاق.
ئىھ، ئۇزاق سۆزلەشنىڭ مەقستى نېمە،
يۇرۇشسۇن دېگىنى خىزمەت ياخشىراق.

ئاخىرقى سۆزۈم بۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى،
(يولداشلار مەن سۆزلەي ۋەياكى سىلە).
ۋاقىت ئالدىراش ساقلاپ تۇرمايدۇ،
ئىشلەنسۇن بىرمۇ بىر بۇگۈنكى تۈرلە.

ئاخىرقى سۆزۈم بۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى،
پالانى سۆزىگە قوشۇلدۇم شەخسەن.
شۇ بويى ئېلىنسۇن قەدەملىرىمىز،
يۈز قاراپ تۇرمايمەن تەكشۈرسەم جەزمەن.

ئاخىرقى سۆزۈم بۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى،
دىققەت ھە، چىداڭلار قالدىڭلار توڭۇپ.

..............................

بىرسىدىن تاماكا ئېلىپ شورىدىم،
قۇلۇپلۇق ئىشىككە ئالىيىپ قويۇپ.

ئاخىرقى سۆزۈم بۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى،
يولداشلار خاتىرە بولسۇن ھەر قاچان.
(شېئىرىمىزنىمۇ يېزىلىپ باردى بىر يەرگە)،
ماختىدى «ئاخىرقى» توگىمەس سۆزدە —
خاتىرە قالدۇردى پەقەت دولقۇنجان...

ئاخىرقى سۆزۈم بۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى....

## بايام بىر گەپ قىلدىم

بايام بىر گەپ قىلدىم، ھەممە ئاڭلىدۇق،
تەكتىلەيمەن ئېسىمىزدىن چىقمىسۇن.
تەشۋىقاتنى كوچەيتەيلى ئۆيمۇ ئۆي،
تەنقىد كېلىپ باغرىمىزنى تىلمىسۇن.

بايام بىر گەپ قىلدىم، ھەممە ئاڭلىدۇق،
ئىئانىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئىمكانىيەت يارىتىلى تىرىشىپ،
ماڭاش ئايدىن ئۆتسە تۇرمۇش قويمايدۇ.

بايام بىر گەپ قىلدىم، ھەممە ئاڭلىدۇق،
تاماملانسۇن ئەتە خامان چەشلىرى.
«سۇ سىڭمەس» كە شىغىل يەنە كەملىدى،
سايغا ماڭسۇن چوقۇم ئەمگەك كۈچلىرى.

بايام بىر گەپ قىلدىم، ھەممە ئاڭلىدۇق،
قوناق يېرى ئەتە چوقۇم تەخلەنسۇن.
ئەپ بارماقچى سېلىشتۇرۇپ باھالاش،
يىغىن ئەھلى ئەتە بۇندا تەخلەنسۇن.

بايام بىر گەپ قىلدىم، ھەممە ئاڭلىدۇق،
تەكتىلەيمەن ئېسىمىزدىن چىقمىسۇن...

خاتىمە
كەچۇرۇڭلار تۇگىمىگەن خاتىرەم،
يازار ئىدىم (يېزىش خاستۇر كاتىپقا).
يۇقىرىدىن ھېلى تېلېفون كەلگەنمىش،
بارماق بولدۇم ناھىيەگە يىغىنغا...

2001 ـ يىلى، چىرا

# يىللار سىرى (1)

(داستان)

... ... ...

1995 ـ يىلى.
باياۋاننىڭ كۆتۈشلىرىدەك
كەلدى ئاخىر ۋىسال دەملىرى.
دەۋرەپ كەتتى ئىچىمدا ئالەم
ئوت بىلەن ئوت ئۇچراشتى
سۇ بىلەن سۇ قوشۇلۇپ
كۆيۈپ كەتتى قۇياش ئەبەدىي.
تويغا بارالايدىغان بولدۇم
نەزىرگە ھەم
تېپىۋالدىم نىسى ئادىمىيلىكىمنى.
ئاي ـ يۇلتۇزلار باتتىدى، قاچتى
كۆك ئۆززە چاقنار ھەسرىتى.

پات ـ پات يىغىپ قالىدۇ يامغۇر...

1996 ـ يىلى
ئىللىپ قالدى تۇيۇقسىز ئالەم
كىرىپ كەلدىم سىخلارغا رەت ـ رەت.

قوغۇشۇننىڭ پۇراقلىرىدا
توشۇپ قالدى يەنە يۇزلەپ بەت.
نابورچىكلار رايىش، مۇلايىم
شۇ چاغلاردا تۇگەپ قالغاندۇ
بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھىم.

بىز بىر جان، بىر تەن ئىدۇق
ئورتاق ئىدى كۆڭۈلدىكى دەرد.
مەن سىلىدىم ئۇلار بېشىنى
ئەڭ ئاخىرقى ئامالالار بىلەن،
باسما ماشىنىسى
قەغەز دۆۋىسى
قىيامەتكە بىللە ھەممىسى...

**1997** ـ يىلى.
بىلىپ بولماس شاۋقۇنلار بىلەن
بايرام قىلار بارچە ئادەملەر.
تاغ يىقىلدى باش ئۇستىمىزگە
دەريا كۆچتى يۈرىكىمىزگە
ھايات ـ مامات پىلىسراتىدا
تىركەشتۇق ئاھ، بەش جان شۇ قەدەر.

خەزىنىسى قۇرۇق شاھىنشاھ
ياتار ئىدى كارىدوردىكى كېسەل كارىۋىتىدا.
بۇزرۇكۋار ئانام پايپېتەك بولۇپ
شاخ ۋادەكلىك ئوردا تورۇسىدىن
ۋاسا ئارىسىدىن

تۈگۈنچىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ
ساتماقچى بولاتتى نەچچە يۈز يىللىق —
ئالتۇن بىلەزۈكنى كۈمۈش بازىرىدا.

بىز يالاڭ ئاياغ
يوق قورال - ياراغ
بەش نەۋكەر ئىدۇق.
پالاقلاپ سەپ بولاتتۇق كارىدوردا ئۇزۇن
ھەر نېمە بولسا
ئاق بايراق چىقارمايمىز دېدۇق.

قان ئاقتى قان
جەڭگە چۈشمەيلا
بەش نەۋكەردىن
سېسترا ۋە ئىشپىرىس ئارا.

دادام تولىمۇ پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى:
ئۇ چاغلاردا
كىچىكلەر چوڭلارغا يول بېرەتتى
ھەممەيلەن مېھمانلارغا سالام بېرەتتى.
داستىخاندا دەستە - دەستە ئېتىقاد
يۈرەكنىڭ بېغىشدىن داستىخان سېلىناتتى.
جەڭنامىلەر ئېيتىلاتتى
قىسسەلەر سۆزلىنەتتى...
گۈگۈم پەردىسىنى يايغاندا
بوۋايلار نەۋرىلىرىنى يېتىلەپ

ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتەتتى
شۇنچە سىلىق، شۇنچىلىك جىمجىت.

ئاندا ـ ساندا مېھمان كېلەتتى.

دەرسكە كىرسەم
باللار چۇرۇقلاپ سوئال تۆكەتتى.
جاۋاب بەرسەم
دەيتتى كىمدۇر بۇ جاۋابنى كىم ئۆگەتتى؟
ئىشقىلىپ
گۇناھ ئەمەس كېچىدىن يۈز ئۆرۈمەك
قەلەم دېگەن بەزىدە قىلىچ
سەن قەلەم تۇتالارسەنمۇ؟...
ئاخىرىنى ئاڭلىيالمايتتىم
كارىۋات بېشىدا يىغلاپ چىقاتتىم،
ئەمما دادام ئوخشاش كۈلەتتى...

ئاپتاپ چىقتى بالىنىستىتا ئاخىر،
مەن بالىنىستىتا شېئىر يازدىم ئاخىر،
قايغۇ ئەرگە مەڭگۇ مۇھاجىر.

1998 ـ يىلى
بوران شەپىسىنى تىڭشىدىم ئۇزاق،
قۇشلار قورۇنۇشلىرى ئۇۋىسىدا.
بۇلۇت كۆيدى دېدى بىرسى
ئاپتاپ چىقىدۇ دېدى چىڭقچۈش ۋاقتىدا.
ئاپتاپ چىقىدىكەن دېدىم ئايالىمغا

كىرلىرىنى قۇرۇتالماي مەن بىلەن
جىدەللەشتى كاچكۇل ئارىسىدا.

سىم بۇرۇتلۇق ئەركەكلەر
ساقالدىمان ئەركەكلەر
قاسساپ چىراي ئەركەكلەر
كۆرۈپ ئۆتتى قۇش پەرۋازىنى...

ئايالىم ھېلىمۇ
سۇ ئىللىتىپ ئولتۇرۇپ تومۇز ئىسسىقتا
يالغانچى سىز دەۋالدۇ گەپ ئارىسىدا...

1999 - يىلى
يىلىنىڭ بېشى تاتلىق باشلاندى.

چوڭ ئۆي، كىچىك ئۆي، بارچە قېرىنداش
ئېگەر - جابدۇقلىرى تەل
دۇلدۇل سۇپەت ئارغىماق بىلەن
كۇتۇۋالدى شاھزادىمىزنى.
ئېگىرى ئالتۇندىن ئىدى ئارغىماقنىڭ
كۇمۇشتىن ئىدى ئارغامچىسى.

قۇشقاچلار چۇرۇقلايتتى ھويلىمىزدا،
باچكىلار پىسكلايتتى يولىمىزدا.
ئاسلانلار سەكرىشەتتى ئوماق - ئوماق
قوزىلار تاقلاپ
مەرەيتتى ئون ئىككى كۋادرات مېتىرلىق ئايۋىنىمىزدا.

يۈگەك، دۆك توپىسى ئالتۇن ـ ئالتۇن
ئەللەي تېكىستلىرى بىر قولىمىزدا.
ئىھ، شۇ چاغدا ئىسىل شېئىرلار
يېزىلىپتىكەن ئاغزىمىزدىلا.

باش باھار سۈت ھىدىنى كۆرگىلى كەلگەن،
پوق ـ سۈيدۈك مېھمان ئىدى ناشتىمىزغا.
قونچاقلار بۇيرۇق بەرسە ئامال قانچە.
توخۇلار
كاككۇكلار
موزايلار
تەخەيلەر
كۈچۈكلەر... جور بولاتتى ناخشىمىزغا.
ئاپپاق تەخەي دېمىسەك يىغلايتتى ئۇ
چىرايلىق قاغا دېمىسەك يىغلايتتى ئۇ
ئەقىللىق ئىت دېمىسەك
ئىھ سۆزۈك پىت دېمىسەك
نىمىندۇر ھېجىلاي
«تىللايتتى» ئۇ.

بارلىق جانلىق تىلىمىزدا
كىرىۋالاتتى بىر قېتىم گۈزەل سۆپەتكە.

ئازاتگۇل قوشكېزەكتەك «خاپ سالاتتى»
كارىۋاتتا بىر سەپ بولۇپ ئېمىلەكلەيتتى.
مەن يېقىر تاي بولاتتىم ياۋاش ـ ياۋاش
بۇزرۇكۋار ئانام سېغىز «ئۆي» ئېتەتتى.

شادىمان ئۇيناۋاتتى ئۇ، بىر توپ بالا
جىمى بالا ئۆيىمىزگە يۈگۈرەيتتى.

جۇشقۇنجان تېلىقتۇرۇپ ئۆتتى ئۇزاق،
كۆلكىسى ئۇزۇق بىزگە بەتتە ئۇچ ۋاق.
كېچىنى تىترىتىدۇ ئەركەك يىغا،
بەزلەيدۇ خوتۇن تىنماي... ئاپپاق...ئاپپاق...

يۈرەكىنىڭ بېغىشدا ئۇيناۋاتتى ئۇ،
چاچلار تىك، چاچنى يۇراپ تويماۋاتتى ئۇ.
ئۇۋۇدەك زاكىسدا جۇشقۇن بالام،
قارلىغاچ بالىسدەك ئۇخلاۋاتتى ئۇ.

2000 ـ يىلى.
مايسىز ئوقى سۇندى ئاخىرى
تۆت كەسلەملىك باسما ماشىنىسىنىڭ.
سۇندى ئىشەنچ، سۇندى ئۈمىد
سۇندى دىلى غەمكىن شائىرنىڭ.

توختىدى باغاقلار رەتلىنىشتىن
توختىدى بارچە ئەركەك گەپ قىلىشتىن.
يېشىل قەغەز ـــ ھاۋا، سۇ، ئاسمان
سېرىق قەغەز يۈتكۈل يەر ـ جاھان.
ھەر بىر ئادەم بىر باسما ماشىنىسى
بارمىقىدىن ماي ساقىپ تۇرغان.
ھەر ئىشخانا قەغەز دۆۋىسى
يا ئوقدۇر بەتلىنىپ تۇرغان.

ئۆتمۈش ھەممىسى
تاش قورال دەۋرى
ئىقتىساد دەۋرى.
قەغەز قورال دەۋرى
0 دىن باشلانغان.

نابورچىكلار قولۇمنى سىقىپ
كېتىپ قالدى ئاستا، بىرمۇ بىر.
ئېگىز، ھەيۋەت بىنالار ئارا
سوغۇق چىراي ئادەملەر ئارا
چېپىپ ھاردى جانابى پېقىر.
چىرالىقنىڭ چىرايىدا نۇر
رەقىبلەرنىڭ ئۈزايىدا نۇر
بىر ھارغىنى مەن
بىر ئاچقىنى.

ھارغىنلىقتا قەلەم مۇساپىر...
بىرمۇ شېئىر يازمىدىم ئاخىر.

2001 ـ يىلى.
ئەسىر ئالماشتى
تەنتەنە قىلدى بىر مۇنچە ئادەم.
(ئەسىر ئاخشىمى ئىمىش)
ناخشا ئېيتتى، ئۇسسۇل ئوينىدى
بىر مۇنچە ئادەم.
يىغلاپ كەتتى بىر نەچچە ئادەم
كۈلۈپ كەتتى بىر مۇنچە ئادەم
ئۆلۈپ كەتتى بىر مۇنچە ئادەم...

بۈزرۈكۋار ئانام
30 غا كىرىدىگىز دەيدۇ.
60 ـ 70 يىل ياشاپ كەتتىم.

مەن كونا يىلدا قالدىم شۇ پېتى.

2002 ـ يىلى.
باھار ھەققىدە شېئىر يازماقچى بولدۇم
ھەر بىر مىسراسىنى تىترىمەي تۇرۇپ.
يوتقىنىغا مۇھەببىتى يوق بىرسى
ۋەتەن مۇھەببىتى يازغىن دېدى.
يازالمىدىم
باھارسىز باھار يازماق نېمانچە تەس
بۇ كۈندە قەلەم تۇتماق نېمانچە تەس.
قەلەمنى ئەمدىلا قولۇمغا ئالسام
يان ـ يېنىمدا
ــ دېھقانغا ئوغۇت ساتماق نېمانچە تەس
ــ ۋاقتىدا يوپۇق ياپماق نېمانچە تەس
ــ كادىرغا پاختا ساتماق نېمانچە تەس؟...

مەن
ئېتى بار پىيادە.
مەن
لىققىدە سۈيى بار قۇرۇغان دەريا.
مەن تىلى بار گاچا
لەشكەرسىز پادىشاھ

قولىقى بار پالڭ
يۈرىكى بار تام.
ئۇچالمىغان يىگانە قۇشمەن
قانىتىغا ئالتۇن چىگىلگەن.

ئوغۇت ئىسكىلاتىدا تووۇلايمەن ئىگىز،
پاختا مەيدانىدا بارمىقىم بىگىز.

شېئىر يازاي دەيمەن
يۇمشاق، شەپىسىز.
قۇشلار ئۇچۇپ كەتتى نەلەرگە
باللار تېزەك تېرىپ يەتتى قەيەرگە.
ئالتۇن باللار
كۈمۈش باللار
قەغەزدۇر نىپىز،
ئۇلار شېئىرسىز...

— جۇشقۇن!!!

2003 - يىلى
بۇ يىل يەنە ياشىمىدىم.

2004 - يىلى.
جېنىم دادا، ئاھ جېنىم دادا
يىلىنىڭ بېشىدا
تەرجىمانسىز تەمترەپ يۈرۈپ

ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىدا
كىرىئۋالدىڭ ئاران بالىنىستقا.

بىز ئېقىتقان يۇرىكىڭگە ئاھ،
ئىككىنچىلەپ تىنغ تەگدى يەنە.
دوسكا بىلەن نۇر ئارىسىدا
بەردەملىكىڭ يەككە - يېگانە.
سىنىپىڭدىن قاچقان نازىرىڭ،
«بېقىۋالغان» پىروفېسسورىڭ
ئۇنىۋېرستېتتا قالغان دوكتورۇڭ
كەلمىسىمۇ بالىنىستقا دادا
سەن ئۇلاردىن مىڭ رازى يانا.
سەن ئۇچۇنلا ئوقۇدۇق دېدۇق
«مۇئەللىم» نى ئېيتسا .

بالىنىستىكى پىچىرلىشىڭنى
ئاڭلاپ تۇردۇم چىرادا
قەلەم ئالدىم يەنە قولۇمغا...

ياشاشنى ئىستىدىم زورۇقۇپ تۇرۇپ،
چۈنكى مەن ئوغلۇمنى شاھزادە دېگەن.
يوللارنى سىزىمەن ئۆز خاھىشىمچە،
لەۋزىدىن يانمايدۇ پادىشاھ دېگەن.

بۇ يىل
راست، بىنادىن چىقتىم يۇلقۇنۇپ
تۇرسام تۇردۇم،

ماڭسام مېڭىپ.
ئارقامدا
قاۋاپ
هاڭراپ
كەتتى ھېرىپ...

ئەركىنلىكنى مۇنداق سىزدىم:
ئەركىنلىك
قولۇڭدىكى رايىش گۈزەل قىز.
چۇچاقلارنى لاي قىلىپ ئويناپ
قوناق شاخلىرىدا ئاتاكا قىلىپ
يۇچۇلانغان قۇمساڭغۇ ئىتىز.
ئۆتمىتۆشۈك ئۆز ئىلكىڭدىكى
لاي سۇۋاقلىق ئۆيدۇر بىر ئېغىز.
قەلبىڭدىكى بىلىقسىز دېڭىز.

ئەركىنلىك
ئالدىرىماي غورا ئەكىلىپ
سۇيۇقئاش ئېتىپ ئىچكەن يەكشەنبە.
ئۇخلاپ قالغان چاغدا بالىسى
ئەك سەمىمىي ئاۋازى بىلەن
كۈلگەن ئايال يېرىم كېچىدە.

ئەركىنلىك
كۈيلىشىدە ئاجرالمىغان ئىت.
چۈنەكلەردە تۈنىگەن باشتۇك
قوغۇن ئوغرىلاپ يۈگۈرگەن ۋاقىت.

ئايلاندىم غەرەزسىز كوچا ـ كويلارنى
توختىدىم قىزىقىپ پوچتىخانىدا.
ئۇيغۇر تىلىدا
ئادرېس يېزىپ بىزنىڭ چىرادا
ئەپلەشمىگەن بىر دېھقان بوۋاي
ماڭا تەستە قىلدى ئىلتىجا.

ئايلاندىم
بانكا دېگەن مېھرى ئىسسىق جاي،
ئامانەتكە پۇل بەرگەن موماي
چۈشەندۈرەر ئۇيغۇر تىلىدا
كىملىكى يوق، پۇلنى ئالالماي.

ئايلاندىم
باغرى سۇ
كۆڭلى سۇ
مېھرى سۇ
سۇنىڭ تىلىنى بىلىدىغان چال،
مىراپنىڭ تىلىنى بىلمىگەچ ئاخىر
مايسىلار رەڭگىگە تاپالماس ئامال.

ئايلاندىم
تورخانىدا بارچە يىگىتلەر
ئاۋازى ئىنچىكە، چېھرىدە باھار.
كوچا چىرىغىنى ئىلغا قىلماق تەس
چىراغ بولۇپ چاقنايدۇ قىزلار.

ئايلاندىم
ياماقچى ياماماقتا جۇل - جۇل ئىسيانىنى
ئالدىدا دۆۋە - دۆۋە چەمسىز ئېتىقاد.
ئىستىقبال ياتار ئەخلەت ساندۇقىدا
باللار بوتۇلكىنىڭ كەينىدە ئات.

ئايلاندىم
چىرادىكى بىر دىنبىر شائىر
رەڭ تۇزگۇچى كاتىپتۇر ھازىر
ئىسمى تونۇش دەل ئابدۇقادىر.
مەيلىن تارتىپ كىتاب سودىسى
يىرتىۋەتتى دەپتەرنى پۈتۈن
ماخمۇت سىدىق
چىرالىقنىڭ پىر يازغۇچىسى.
ئارقىسىدا
يىرىم قالغان ئارخىپ خالتىسى...

ئايلاندىم
سىنىپ بوسۇغىسىدا ياندۇرماقتا
فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى.
ئۇ توغرۇلۇق ناخشىنىڭ بېشى —
«سىم - سىم يامغۇر لەپ - لەپ قار...»
ناخشىنىڭ ئاخىرى —
«مۇئەللىم ھاراقكەش...»

ئايلاندىم
كۈندە ئاشۇ «ساراڭ» دىۋانە
(قانداق قوشاق بۇ) توۋلايدۇ ئەنە —
ئات دۈشمىنى قامچىدۇر
ئۇرۇپ تۇرۇپ بىلىنمەس.
ئەر دۈشمىنى خوتۇندۇر
سۆيۈپ تۇرۇپ بىلىنمەس.

ئايلاندىم
ھجىبىپ تۇرىدۇ
خېرىدارى كۆپ ھۆسن تۈزگۈچى.
ئىزلاردىن چۆچۈيدۇ يول سۈپۈرگۈچى.

مەن بۇ يىلدا
بىر شاھزادىلىك
بىر خانىشلىق پادىشاھ.
نۆۋكەرلىرىم قەغەز دۆۋىسى
تەختىم ئاددىي كىتاب جازىسى.
دەل مۇشۇ مىسرانى يېزىۋاتسام
كېچە بولدى ئۇخلاڭە دولقۇن
تۇرالمايسىز سەھەردە بۇرۇن
دەپلا قالدى ئويغىنىپ خوتۇن.

كېچە بولۇپتۇ.
تاڭغا ئاز قاپتۇ.
سەھەر تۇرمىسام بولمايدۇ
ئۇخلىماييا دېدىم ئۇنىڭغا.

قەلەم بىلەن سىرداشتىم كېچە،
يازالىدىم مۇشۇ يەرگىچە.
ئۇزۇن ئالەم بۇ
كونىلارنىڭ گېپىچە...

2004 ـ يىلى، نويابىر، چىرا



① ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ئۆيتقان شۇ نامىلىق ناخشا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② شائىر ئابدۇقادىر مەتسىدىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ ئۇستاز يازغۇچى ماخمۇت سىدىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# يىللار سىرى (2)

(داستان)

... ... ...

2005 ـ يىلى

بىرسى دېدى:

بۇ جاھاندا

بىرمۇ ئىش يوق ئاخىرى چىقماس،

بىرمۇ ئىش يوق قىلغىلى بولماس،

يانچۇقۇڭدا پۇلۇڭ بولسىلا.

يۈرۈشىدۇ بارچە ئىش ـ ئوقەت

پۇلغا ئالغان يولۇڭ بولسىلا.

ھەممە ئادەم ئالدىراش شۇنچە،

پۇل پۇرايدۇ يۈرىكى ھەتتا.

ئۇنتۇلغاندەك قىيامەت كۈنى،

تېپىرلايدۇ تومۇزدا، جۇتتا.

بىر كۆزۈمنى قىستىم ئاخىرى،

بىلىپ ـ بىلمەي قېتىلدىم توپقا.

مەن بىلمەن، ئۆزۈم بىلىمەن —

يېزىلماقچى بولغان شېئىرىم

قالدى غېرىب، قالدى ئازابقا...

قەلەم مېنى تونۇماس بولدى،
شېرىن تۇيغۇ يولىماس بولدى.
مەن پالاقشىپ يۈگۈرمەكتىمەن،
هايات گەپكە ئۇنىماس بولدى.

«ئوڭشىلىپتۇ» دېيىشتى خەقلەر،
ئاستا ـ ئاستا بېسىقتى گەپلەر.
ئايان ماڭا ئۆزۈمنىڭ دەردى،
بويۇن قىستى تاشلاندى دەپتەر.

2006 ـ يىلى
نەزەر بەردىم خىشقا ـ كېسەككە
شادلىق ئىزلەپ تەنگە، يۈرەككە
ۋەتەن دېدىم بەش پۇڭ يېرىمنى
ئايلانغاچقا ۋەتەن كۆيەككە.

هاياجاندا مىڭ ئاپتاپلىدى
رىۋايەتتەك ئانامنىڭ چېهرى.
قۇچاقلىدى تەكرار ۋە تەكرار
ۋۇجۇدۇمنى دادامنىڭ مېهرى.
يۇمىلاندىم خالىغان چاغدا
مۇزلار ئېرىپ تۆكۈلدى تامدا
يۈرىكىم قۇش، ئۇچتى ئايۋاندا
جامال بەردى ۋەتەننىڭ سېهرى...

مەن پۇتۇمنى سۇندۇم ئازادە
ۋە قۇياشنى كۆردۇم ئۆزگىچە.
تېتىپ قالدىم ۋەتەن تەمنى
تەڭ قىلمىدىم ئاڭا ھەممىنى
توۋلاپ باقتىم ئۇنۇم يەتكۈچە.

تېپىپ كىرمەس ئىشىكتىن ھېچكىم،
چىكىپ كىرەر ئىجازەت سوراپ.
داسقىنىمىز يېپىلغان تامان
چىقىپ كېتەر شۇئان ئالدىراپ.

تام سىرتىدىن ئېقىپ كېلەر سۇ،
ئۆگزىلەردىن شۇڭغۇپ كىرەر توك.
بار بۇ يەردە ھەممە - ھەممىسى
بۇ يەردىلا يۈرىكىمىز توق
ئۇردا ئەتتىم ۋئۇسكىسى يوق...

2007 - يىلى
بىر كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار
مەن بۇيىلدا بىلدىم قايتىدىن.
ئازلا كۈلۈپ بەك كۆپ يىغلىدۇق،
تاشقا تەگدى نازۇك چىشىمىز
تېخى چىڭقىچۇش بولماي تۇرۇپ
شۇنداق ياخشى يانساق ناشتىدىن...

كۈلكىمىز شۇ
چېچەكلىدى جان

مارت ئېيىنىڭ بەشىنچىسىدە.
ئوماققىنە مۈشتۈمى تۈرۈكلۈك
قاپقارا كۆز قاپقى تۈرۈك
ھەممىمىزنى شۇنداق كۈلدۈرۈپ
پەيدا بولدى كىچىك شاھزادەم.
ساپ كۈلكىگە قاراپ ئولتۇرۇپ
شۇ كۈلكىنى ماراپ ئولتۇرۇپ
ئەتە - ئاخشام بىر دەم بولسىمۇ
ئۇنتۇلدىغۇ باشتىن پاتمان غەم.

يىلنىڭ بېشى تاتلىق باشلاندى.

چوڭ ئۆي، كىچىك ئۆي، بارچە قېرىنداش
ئېگەر - جابدۇقلىرى تەل
دۈلدۈل سۈپەت ئارغىماق بىلەن
كۈتتۈۋالدۇق يەنە ئوخشاشلا
ماڭلىيى كەڭ شاھزادىمىزنى.

قېتىلدى يەنە بىر ئات سېپىمىزغا،
بەرىكەت ياغدى قايتا نېنىمىزغا.
يۈرەكنىڭ تومۇرىدىن كىم كۈلمىسۇن
قوشۇلدى يېڭىدىن جان جېنىمىزغا.

جېنىڭنى كۆر، بالاڭنى كۆر جان بولدى،
بىر بۇدۇرۇق ئاكىسىغا يان بولدى.
ياشاردى جان، ھويلا تولدى شادلىققا
ئوردىمىز بىر، ئۇندا قوشماق خان بولدى.

بۇررۇكۋار ئانام كۆرپە تكىپ كەپتۇ،
يۈرىكى تەگ بولۇپتۇ، مېهرى ئەستەر.
ئوغلۇمدىن بۇرۇن مېنى سۆيۈپ كەتتى
پايپېتەك بولۇپ كەتتى ئاھ، شۇقەدەر...

ئېگرى ئالتۇندىن ئىدى ئارغىماقنىڭ
كۈمۈشتىن ئىدى ئارغامچىسى.
كېچىنى تىترەتكەندە ئۇز يىغىسى
ئېتىۋېلىپ قۇلىقىنى غودۇرىدى
كەيىننى قىلىپ يېتىپ ۋاھ، ئاكىسى...

قۇشلار يەنە توپلاشتى سايراپ،
ئەللەي ئۈنى ئەتراپقا تاراپ
يىغدى ئۆيگە بارچە جانىۋارنى.

قۇشقاچلار چۇرۇقلىدى هويلىمىزدا،
باچكىلار پىسكىلدى يولىمىزدا.
ئاسلانلار سەكرەشتى بەك ئوماق - ئوماق
قوزىلار تاقلاپ
مەرىدى 10 ئېغىزلىق ئايۋىنىمىزدا.
قىستىلىپ چىقىشتى هەم تارتىملاردىن
ئەللەينىڭ تېكىستلىرى قوللىرىمىزغا.

باش باهار سۈت هىدىنى كۆرگىلى كەلگەن،
پوق - سۈيدۈك مېهمان يەنە ناشتىمىزغا.

جىمى جان مېھمان بولۇپ كىرىپ ئۆيگە
قېتىلدى ئەللەي ئاتلىق ناخشىمىزغا.

بارلىق جانلىق تىلىمىزدا
كىرىۋالدى يەنە بىر قېتىم
بىلىپ - بىلمەي گۈزەل سۈپەتكە.

مەھەللە كۆچۈپ كىردى ئۆيىمىزگە،
جىمى بالا قېتىلدى شوخ ئۇنىمىزگە.
جۇشقۇنجان جەۋھەرجاننى ئىما قىلىپ
كۆكسىنى كېرىپ شۇنداق مەغرۇرانە
ئۇكام بار دەپ ئۇلگۇردى ھەممىسگە.
دادامنىڭ ساقىلىغا چاڭگا سېلىپ،
باشلىرى، كۆزلىرىگە چىماق سېلىپ
ۋىلىقلاپ نېمىندۇر ئىما قىلىپ
خەرىتە سىزدى نۇرغۇن دۈمبىسگە.

جەۋھەرجان تېلىقتۇرۇپ ئۆتتى شۇنداق،
كۈلكىسى ئۇزۇق بىزگە بەتتە ئۈچ ۋاق.
كېچىگە زىننەت ئىكەن ئەركەك يىغا،
بەزلەيدۇ خوتۇن تىنماي... ئاپپاق... ئاپپاق...

يۈرەكنىڭ بېغىشلىرى ئىككى بولدى،
بىرىگە ئېسىلىپ دائىم ئوينايتتى ئۇ.
ئۇۋىدەك زاكىسىدا جەۋھەر بالام
قارلىغاچ بالىسىدەك ئۇخلايتتى ئۇ.

كۆلكىلەر ئانىي تاپتى ھەممىمىزنى،
ئۆلغايتتى قىسمەت يەنە دەردىمىزنى...

مەن كېسەلنى تىللاپ باقمىدىم،
پايلىمىدىم ئەمما ئانامغا.
ھەپتىدە بىر يوقلىيالىدىم
لېكىن كېسەل ئەسكى بولسىمۇ
دائىم ھەمراھ بولدى ئۇنىڭغا.
ئۇخلىشىپ بەردى باغرىدا يېتىپ
ئايۋىنىدا يالغۇز قالغاندا.
كۆتۈرۈشۈپ بەردى چېلەكلىرىنى
دادام مەشكە ئوتۇن يارغاندا.
ئاقلىشىپ بەردى كۆكتاتلىرىنى،
سۈپۈرۈشۈپ بەردى ھويلىسىنى ھەم
بىزلەر دائىم مېھمان بولغاندا.
سۈرتۈپ قويدى كۆز ياشلىرىنى
ئىچىشىپ بەردى قەن ئاشلىرىنى
بىزنى كۈتۈپ غېرىب بولغاندا.
يۇيۇشۇپ بەردى كىر ـ قاتلىرىنى،
يىقىشىپ بەردى كاكچىلىرىنى
بېقىشىپ بەردى نەۋرىلەرنى ھەم
بىز كۆيۈمنى ئۇنتۇپ قالغاندا...

ئانا،
ئاھ جېنىم ئانا

دەل باللار بايرام قىلغاندا
سىز بەك ئامراق 6 - ئايدا،
پەيدا بولدۇق يەنە پەرىشان
ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىدا.

سىز خاتىرجەم شۇنچە خۇش چاقچاق،
ئاۋازىڭىز ئۇز، شۇنچە ياڭراق
كۇلكە ياغار دائىم بىر قۇچاق.
ئىچىمىزدە كۆيىدۇ قوقاس
چاندۇرمىدۇق ئازابىمىزنى
ئاغزىمىزدا تاتلىق ئىبارە
باغرىمىزدا ئاچچىق رېئاللىق
يېنىڭىزدا تۇردۇق بىز شۇنداق.

سىز قايتىدىن يارالدىڭىز ئاھ،
بەش بىچارە قوزىڭىز ئۈچۈن.
بىلدۇق بۇنى
كېسەل سىزنى يىقىتقاندا دەل
سىنچىلدۇق يېنىش - يېنىشلاپ
ماغدۇرىڭىز كەتكەندە تۈگەل.
يېتىمسىراپ قالدى قايتىدىن
شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتلار ئارا
قەلبىمىزدە ياتقان خىرامان
ئاھ، سىز ئۈچۈن تۆكۈلمەك بولۇپ
باغرىمىزدا كۆكلىگەن بەدەل...

بىز بۇيىللاردا يىغلاپ ياشىدۇق،
يىغىمىزنى كۆرسەتمەي ھېچبىر ئىنسانغا.
شاھىنشاھ دادام بېشىڭىزدا ئولتۇرۇپ
قول كۆتۈرەر دائىم دۇئاغا.
ئۇ 9 ـ قەۋەت ئىدى
دېرىزىدىن قارايتتىڭىز، پەسكە، تالاغا.
جېنىم بالىلىرىم
سىلەرگە بەك جاپايىم چۈشتى
قايتىڭلار باللار ئۈچۈن بولسىمۇ
دەيتتىڭىز بەك كەسكىن كېلىپ قارارغا.
يېنىشلاپ يالۋۇرساق جىم بولاتتىڭىز
ئاھ، بىزنىڭ بەختىمىز، تەختىمىز ئۈچۈن
سېغىناتتىڭىز ئۇلۇغ ئاللاغا.
ئۈرۈمچىنىڭ ئېيۇنى سوغۇق،
ئۈرۈمچىنىڭ ئېيۇنى قار ـ مۇز
توڭلاپ كەتتۇق تومۇزدىنمۇ بەك
ئۈچرىشالماي زەررە شىپاغا.

جېنىم ئانا، ئاھ جېنىم ئانا
مەھەللىدە يەنە بىر گۈلسىز.
يۈگۈرۈپ كەلدى قولۇم ـ قوشنىلار
يۈگۈرۈپ كەلدى بارچە ئانىلار
يۈگۈرۈپ كەلدى
دەريالار ـ تاغلار
ئالدىڭىزغا ئۆكسۈپ سالامغا.

شۇندىن بېرى، ئاھ شۇندىن بېرى
بېشىڭىزدا دادام پايپېتەك
يېنىڭىزدا مەغلۇپ بەش نۆۋكەر.
رېئاللىقتىن بەزدىم شۇنچىلىك
يالغان دېدىم ھەممە شۇقەدەر...

بۇ يىلدا
بىز شۇنداق يىغلاپ ياشىدۇق
تېخى ھېلىلا بىرگە ئولتۇرۇپ
توغاچ يېگەن قەدىردان ئاكام
قۇچىقىمغا بېشىنى قويۇپ
ئۇخلىۋالدى شۇنچە خىرامان.
تاغلار بولدى شۇئان كۇمپەيكۇم
ئۈستىمىزگە يىقىلدى ئاسمان
چۆچۈرىدەك ئىككى قىزىغا
كاتەكچىلىك بىلىنمەس جاھان...

2008 ـ يىلى
نېمە دەپ يازاي بۇ يىلنى ئەمدى،
قوياي نەدە نىمجان تېنىمنى.
ئېچكەنلىرىم زەھەر مىڭ قاداق
نىمە دەيمەن يېگەن نېنىمنى.

ئالدى قىسمەت ئاخىر جېنىمنى...

چاپلاشقانچە بىزگە ئاھ، يىغا
ئاجرىمىدى يۈرىكىمىزدىن.

ئۆچكەن تامام لەۋلەردىن كۆلكە
نىمە ئىشلار ئەتراپتا، چەتتە...
پەقەت بىزدە يىغا جەۋلاندۇر
دەريا ئاقتى جۇپ كۆزىمىزدىن.

سائەت توختاپ قالدى بىردىنلا
چىرا ۋاقتى
12 ـ نويابىر 9 بولغاندا.
ھايات ياپتى تاتلىق بېتىنى
يىتىپ كەتتى بەخت جىم ـ جىملا.

توختاپ قالدى شامال چىقىشتىن
توختاپ قالدى دەريا ئېقىشتىن.
قېتىپ قالدى قۇياش كۆكتىلا
توختاپ قالدى زىيا چېچىشتىن.
توختاپ قالدى بىر ئەزىم بۇلاق
تىنىپ كەتتى بىپايان دېڭىز.
چاچلىرىنى يۇلدى ئورمانلار
قېرىپ كەتتى بىر كېچىدە كۈز.

ئانام كەتتى
ئاسمىنى يوق يەرگە
ئاسمان بولغىلى.

ئۇچۇپ كەتتى قۇش بولۇپ ئاستا،
جەۋھەرجانغا قانمىغان ئانام.

قۇچىقىمغا قويۇپ بېشىنى
پېشانەمگە يېقىپ لېۋىنى
دولقۇن بالام قورقۇپ قالار دەپ
كۆلكىسىنى يىغىپ چېھرىگە
مەڭزىن تامان تۆكمەي يېشىنى
ئۇخلاپ قالدى ھەلىمخان ئانام...
شۇنداق تاتلىق چۈشلەر قوينىدا
ئۇخلىغانچە قوپمىغان ئانام...
كۆڭلى تويۇپ قالغان بولسىمۇ
مېنى ئويلاپ، ئاھ مېنى ئويلاپ
شەپە بېرىپ قويمىغان ئانام...

كەتتى ھەريان پىتراپ كېسەل
كىرنۇالغىلى تۆشۈك تاپالماي.
يۇمۇۋالسا ئانام كۆزىنى
ئاھ، ئۇنىڭدەك بۆشۈك تاپالماي.

ئۆپكەم ئېسىلدى
بوينۇم قىسىلدى.
قارىقىيدىن[1] گاڭگىراش
شەنبە بازار[2]دىن ئېسەدەش كەلدى.
چىرا كۆچتى مەھەللىمىزگە
ھەممىسىنىڭ باغرى لەش كەلدى.

جېنىم ئانا، ئاھ جېنىم ئانا
ئاشۇ كەچتە

داستىخاندەك ئىچىلىپ تۇرۇپ
داستىخان سالغان ئىدىڭىز بىزگە.
ئۆزۈم دەملەي چاينى بۇ قېتىم
گۆشنى ئۆزۈم پارچىلاي دېگەن
بىز سالايلى ئارام ئېلىڭ دەپ
گەپلىرىمىز ئۆتمىگەن سىزگە.
ئەمدى بىلسەم تەختىم ئانجان
ئاشۇ پەيتتە ئاھ، ئاشۇ پەيتتە
بېشىن قويۇپ ئايىغىڭىزغا
يۈزىن سۈۋاپ پۇت - قولىڭىزغا
بەرگەن ئىكەن ئەزرائىل بەلگە.

ھەممەيلەننى چاقىرىڭ دېگەن
بەش قېرىنداش جەم بولغان ئىدۇق.
بىلىپ - بىلمەي شۇ داستىخاندا
بەختىمىزگە سانىسا قارا
شۇنچە بىغەم غىزا يېيىشىپ
ئەزرائىلغا يەم بولغان ئىدۇق.

ئۆي ئىچىدە بۇقۇلداپ كەتتۇق
ياقىسىنى يىرتتى بىراقلا
تالادىكى غېرىب چارشەنبە
يالغۇز قالغان يېتىم چارشەنبە.

ئانا، ئاھ بەختىم ئانا
دۇنيا —

ئۇقۇپ بولدى سىزنى ئاخىرى
ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاراقنى ياپقاندا
ئاقتى ئېرىپ تاغلار، قورامىلار...

ئاشۇ كۈنى
66 گە كىردى 11 ـ ئاي
66 گە كىردى ئاي، قۇياش
66 گە كىرىپ مەھەللە
ئۇخلاپ قالدى ئانامغا ئوخشاش.

باللار چۈش كۆردى قاباھەتلىك چۈش،
چاراسلاپ يېرىلدى پارتا، ئورۇندۇق.
ئۆچكەندە مەكتەپتىن بىر ياڭراق سادا،
يىغلىدى سىنىپلار، مەيدانلار بۇق ـ بۇق.

تەۋرىدى مەھەللە، سولدى غۇنچىلار
جىنازىڭىز كەينىدىن كەلدى سۇرۇلۇپ.
تالاشتى جىنازىڭىزنى 32 ھەرپ
ۋە ماڭدى تالىشىپ سىزنى كۆتۈرۈپ.
مەسچىتنىڭ تېشىدا بويىنىنى قىسىپ
يىرتىپ ھەم ياقىسىنى ئەزرائىل ئۆزى
تولغاندى يىلاندەك يېشىنى تۆكۈپ.

جىنازىڭىز كەينىدە نەچچە مىڭ بالا
كۆمدى يۈرىكىنى گۈل باغرىڭىزغا.
نېپىز لەۋلىرىدە بىھېساب قوشاق

ھەيران قالدى ئەزرائىل شۇتاپ
بۇ قانداق يىغا، بۇ قانداق ھازا...

قوشاق:
خانىم مېنى ئوقۇتقان
خانىم مېنى تونۇتقان.
خانىم ماڭا ئۆگەتكەن
خانىم مېنى كۆكلەتكەن...

چۆچۈرىدەك يۇلتۇزلار،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭلار.
قىلمايلى بىز قەغىشلىك
ئانىمىزنى بېرىڭلار.

كەتكەنىمدۇ بىزنى دەپ،
يا بايراملىق ئالغىلى.
يۇلتۇزلارنى سەپ قىلىپ،
ئاڭا پۇشتەك چالغىلى.

ئانا،
بىز ئۇلارنىڭ ئاغزىدا
خانىمنىڭ بالىلىرى...
خانىم ئانا، ئاھ جېنىم ئانا
جېنىمىزنى ئېپ كەتكەن ئانا.

يېزىلىپ تۇگدى مۇقەددەس داستان،
چېلىنىپ تۇگدى گۈزەل مۇزىكا.

شۇ منۇتتا خار بولدى ئۆزى
شۇ منۇتتا بولدى كۇمپەيكۇم
بىزنى خار دەپ ئويلىغان دۇنيا.

ئوقۇلۇپ تۇگىدى مۇقەددەس كىتاب،
كۆمدۇق ئۇنى بۇقۇلداپ، يىغلاپ.
كىلىك خىنىم، جىنىم بالام دەپ
قالدى موماي[3] سۆيۈپ، باغاشلاپ.

پەرىشتىلەر توپلاندى يىنىغا
بىزگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىك دەپ.
قەبرە سىرتىدىكى بىزگە —
ئۇ بىزنىڭ ئانىمىز بىزگە بېرىك دەپ.

ئالتۇن ئاينى كۆمدۇق تۇپراققا،
كۆندۇق ئاخىر قارشى قىرغاققا.
ئاق رەڭلەرنىڭ بايرىمى كۈنى
ئاق ئادەملەر
ئاق ياغلىقلار
ئاق بەلباغلار
ئاپپاق سەللە
ئاق تېرەكلەرگە ئۇششۇك تەگكەن كۈن
ئۈزۈتىپ قويدۇق ئانامنى.
غۇلجىدەك ئۈز، قاناستەك گۈزەل
خوتەندىنمۇ يىراق - يىراققا.

بىز كۆمگەن تەن — بىر بۈيۈك داستان
تەقدىر ، قىسمەت ئاران ئوقۇغان.
بىز كۆمگەن تەن قۇياشلىق ئالەم
ئۇنىڭ بىلەن دۇنيا يورۇغان.
بىز كۆمگەن تەن ئەمەس، مۇنبەت تۇپراق
نۇرغۇن كۆچەت ئۇندا ئايىنغان.

بىز كۆمگەن تەن مۇقەددەس ئىنسان...

ئانام كەتتى ئىسمىمنى يادلاپ:
دولقۇنىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالاي دەپ.
شۇ بالامنىڭ يۈرىكى ئاجىز
ئاڭا ئۇزاق ھەمراھ بولاي دەپ.

سىز باردىدا ساپ ـ ساقلا ئىدىم،
پۈتۈن ئىدى كۆڭلۈم، يۈرىكىم.
مانا ئەمدى ئۆتمىتۆشۈك مەن
يىقىلغاچقا سىزدەك تۈۋرۈكۈم.

ئانا
سىزسىز
بەش زىخ يۈرەك پىشتى ۋاژىلداپ.
يۇم ـ يۇم يىغلاپ ئولتۇرار دادام
دۇئا قىلار بىر سىزگە ئاتاپ.
دەردلىرىنى سۆزلەيدۇ كېچە
دادام بىلەن سىردىشار ئۇزاق
ئۇنىڭ ياستۇق بېشىدا توختاپ.

ئانا
كىنىشكىسىز پەيلاسوپ ئىدىڭىز
پىشىپ چىقاتتى ھەر بىر ئىبارە
ئەڭ ئاۋۋىلى باغرىڭىزدىلا.
32 ھەرپ يېقىشلىق ئىدى
پەقەت سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىلا.

سىز شۇنداق دېگەن بىر قېتىم:
باللار ئەتىلىككە ئات بولىدۇ
بىر ئەركەك نا خوتۇندا يات بولىدۇ.
ھەر مىنۇت گۆش - گۆش دەسسەپ مېڭىپ تۇرغىن،
بۇ ھايات ئۆلۈم بىلەن مات بولىدۇ.
مات بولدى دۇنيا ئۆزى ئالدىڭىزدا
ئەجرىڭىز دۆۋىسىگە قارىغاندا.
يېنىڭىزدا ئىدىم ئانىجان
سىز ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ مەغرۇر
تۈزەشتۈرۈپ باش - ئۈستىڭىزنى
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قاردەك ئاق
نۇرلار كەبى ئۇلۇغ، شۇنچە پاك
چېچىڭىزنى تارىغان چاغدا.
قانداق ئۇنتاي ئاھ، شۇ مىنۇتنى
مەن نېمىشقا تاراپ قويمىدىم،
ئاشۇ خىيال ھەر كۈنى تاڭدا
قويار مېنى مەڭگۈلۈك داغدا...

ئۆزگەرتكىلى بولسا جاھاننى،
توختاتقىلى بولسا ئىنساننى
جېنىم ئانا، ئاھ جېنىم ئانا
جېنىم بىلەن ئۈزىغان ئانا
بەرمەسمىدىم سىز ئۈچۈن جاننى.
ئۆزۈم يېتىپ شۇ جىنازىدا
بولماسمىدىم خاتىرجەم، خۇشال
ئانام ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم دەپ
پورەكلىتىپ جاننى، ۋىجداننى.
جېنىم ئانا ، يۈرىكىم ئانا
دۇنيالىقىم، تۆۋرۈكۈم ئانا
يوشۇرالماي قالدىم ئۇشبۇ دەم
سىزدىن بالدۇر ئايرىلغىنىمنى.

ۋاي دادىكام دەيتتىڭىز بىزنى،
ئانام دەيتتىڭىز قىزلىرىڭىزنى،
بارچە ئۇلۇغ ئىسىملار بىزنىڭ
بارچە گۈزەل سۈپەتلەر بىزنىڭ
تىنىم تاپماي مۇدۇرۇپ يۈرۈپ
ئاۋۇتقانسىز شادلىقىمىزنى
ئاۋۇتاتتىڭىز تاتلىقىمىزنى.

ئانا
سىز كەلسىڭىز
بارچە كەنت تۇرۇپ سالامغا،
ئايلىناتتى قايغۇ بايرامغا.

يغلىغانىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ
كۆلگەنلەرگە مىڭ چاۋاك ئۇرۇپ
ئۇسسىغانغا جان دەپ ئانىجان
ئايلىناتتىڭىز شۇئان تارامغا.

جېنىم ئانا،
ھەر يىلى 4 ـ يانۋار
بالام يېڭى ياشقا كىردى دەپ
قاق سەھەردە بوسۇغامدا سىز.
كۈن تىكلەنسە بېشىمغا بىۋاق
يېنىمدىلا، ئۇسسىغاندا سىز.
ھەر ئىشىمنىڭ ئوڭ ـ سولى ئۇچۇپ
تېپىرلىسام ئاچچىق قىسمەتتىن،
سۈرتەتتىڭىز باش ـ كۆزلىرىمنى
توپا ـ توزان توزۇغاندا سىز.

ـــ بالام يەيدۇ، 10 تاللا يېگىن
سۇنۇپ بەرگىن ھەدە، ئاكاڭغا،
شۇنداق كېلەتتى كورىدا ئۇجمە
ئاق ئۇجمىلەر بودەك بولغاندا.
دولقۇنغا دەپ ئاش توشۇيتتىڭىز
سۇيۇقئېشىڭىزغا چامغۇر سالغاندا.
سىزنىڭ قولىڭىزدا دەملەنگەندە چاي
ئايلىناتتى ئابىھاياتقا.
تىلىڭىزدا موماملىنىڭ تىلى
ئوخشايتتى بال، شېكەر ـ ناۋاتقا.

داستخىنىڭىزدا چېچەكلەيتتى جان
ئۇسسۇلسا ئاش چىنە ـ ئاياقڭا.
ئىلغمايتتىم ھېچنېمىسنى
ماڭا سۇناتتىڭىز بىسمىللىسنى...

مەڭگۇ مېنىڭ ئېسىمدە ئانا
ماڭغان چېغىم يىراق، ئوقۇشقا.
ئۇخلىمىغان بېشىمدا تۇرۇپ
باش ـ كۆزۈمنى سىلاپ ئولتۇرۇپ
يىغلاپ چىققان ئىدىڭىز نېمىشقا.
مەن بېكەتتىن ئۈزىغان شۇ پەيت
يىغلىمايدۇ ئوغۇل بالا دەپ
يىغلىغىلى قويمىغان مېنى
مەڭزىڭىز گۈل، كۆلۈپ تۇرسىمۇ
چانقىڭىز لىقلانغان ياشقا.

ماڭا ئەۋەرتەتتىڭىز ئەك تاتلىقنى
مېھرىڭىزنىڭ بال ـ قايمىقنى.
دائىم ئۇچام يىپپىڭى ئىدى
كىيەتتىڭىز ، ئاھ... يامىقنى.
غوجام بالام ، شاھى مەردىنىم
سوغۇق ئىمىش سەن تۇرغان شەھەر.
پوپايكاڭنى توقۇپ ئەۋەتتىم
كىيىۋالغىن قوشلاپ، قوش ـ قوشلاپ
پسەنت قىلما، خەق نېمە دېسە دەر.
جېنىم غوجام، بىز شۇنچىلىك ساق

كۆت ئۆزۈڭنى، ساقلىقىڭ گۆھەر.
سىز ھەركۈنى خەت يازاتتىڭىز
سىزنىڭ يازغان ھەر بىر قۇرىڭىز
سىز بىرقوللۇق چاقماق مېغىزدەك
ئاھ، مېھرلىك ئىدى شۇقەدەر...
سىز ئەۋەتكەن كاكچا نانلارنى
يىغلاپ يەيتتىم — تىقىپ يەيتتىم ھەم.
ئامان بولۇڭ جېنىم ئانا دەپ
يىغلاپ - يىغلاپ چىقاتتىم كەچلەر
ۋۇجۇدۇمغا سىڭسە تونۇش تەم.

بىز ئۇچۇرما بولغان شۇ كۈنلەر
دادام سولۇپ يىقىلدى ئاستا.
سىز يەنىلا ئوخشاش تەرزدە
بار چىدامنى يىغدىڭىز قايتا.
گۈلدەك كۈلۈپ، يۇلتۇزدەك چاقناپ
شۇنچە سىلىق، شۇنچە سىپايە
شۇنچە نازۇك سالامدا بولغان
ھەر بىر تاڭدا ئاتقان ھاياتقا.

چارچىدىڭىز، چارچاپ كەتتىڭىز،
بىلىندۇرمەي ھېچقايسىمىزغا.
كۈلكە كۆكلەپ ئايۋىنىمىزدا
توزۇپ بارغان ئىدىڭىز يىغا.

ئەتىر ئىدى تۇرغان تۇرقىڭىز
داڭلىق ئەتىر ئىشلەتمەيتتىڭىز.

گۈل ئۈنەتتى ھەر قەدىمىڭىزدىن
ئاڭا ھىدنى سىز بېرەتتىڭىز.

قاتار چايلار ناتونۇش ئىدى،
قاتار ماڭاتتىڭىز بالىلىرىم دەپ.
سىز بەك بالدۇر خوراپ كەتتىڭىز،
بەش «باشتۇك» نىڭ غەملىرىنى يەپ.

باشتۇك ئىدىم، شۇنچىلىك باشتۇك،
سىزنى مەڭگۇ كەتمەيدىغاندەك.
قاقشتاتتىم سىزنى ئاھ، سىزنى
بىغەم ئىدىم شۇنچىلىك بىغەم
بىزگە ئەجەل يەتمەيدىغاندەك.
ئاخشاملىرى قىلساق خەقشىلىك
دائىم چۆچەك سۆزلەيدىغاندەك.
پۇتۇن - سۇرۇك يۇرەك بىلەن بىز
قىلچە ھەسرەت چەكمەيدىغاندەك...

جېنىم ئانا
ئازمىلارغا ئاتسام ئۆزۈمنى
قۇلىقىمنى كىم قويار سوزۇپ.
ماڭسام ئانا يەنە سەپەرگە
كىم چىقىدۇ مېنى ئۇزىتىپ.
ئامان بارغىن ئوغلۇم دەيتتىڭىز،
كېتىپ قالسام توپا توزۇتۇپ.
يولدا ئىدىڭىز قارام يىتكۈچە

ساخاۋەتلىك قوللار دۇئادا.
ھەم ئۇراتتىڭىز شۇئانلا تېلېفون
ئامان كەلدىم جېنىم ئانىجان
دەپ قويمىسام ئۇنتۇپ ناۋادا.

تېلېۋىزوردا چىقتىڭىز ئاخشام
كۆككە يەتتى بېشىم جان بالام
دېگەن ئىدىڭىز تېخى يېقىندا
ماڭا ئاۋۋال بىلدۈرۈپ سالام.
كۆكلەپ كېتىلىك دادىكام غوجام
شۇمنۇتتا كۆزلىرىڭىزدىن
ياش تۆكۈلگەن ئاھ، تارام ـ تارام...
نېمە سوۋغا قىلاي سىزگە دەپ
پېشانەمگە سۆيۈپ قويغان سىز
جېنىم ئانا ئاشۇ دەقىقە
يۈرىكىڭىزدىكى بۈيۈك ئارماننى
يۈرىكىمگە كۆمۈپ قويغان سىز...

ئەمدى كىمگە ئوقۇپ بېرىمەن
يىغلاپ تۇرۇپ يازغان شېئىرىمنى.
كىمگە سىزدەك تۆكۈپ بېرىمەن
باغرىمدىكى دەردلىك سىرىمنى.
كىملەر بىلەن كۆكلىتەي ئانا
باغرىمدىكى قاقاس يېرىمنى...

كىمگە بېرەي ئەمدى ئانىجان
يېڭى يىللىق ئاتىرىتكىلارنى.

قانداق بەزلەي نەۋرىگىزنى جان
ئەسكە ئالسا ئۇشبۇ چاغلارنى.
قانداق باراي مەھەللىمىزگە
ئورنۋالسا «خانىم قىنى» دەپ
سىزگە ئامراق سەبىيلەر توپ - توپ.
قانداق قىلاي مەھەللە، يوللار
سوراپ سىزنى يىغلىسا بۇق - بۇق.
مەن كىملەردىن مەسلىھەت ئالاي
قەدىمىمگە، ھەر قەدىمىمگە
ئانىلىقلار ئۆتسە يېنىمدىن
مەن بېشىمنى قوياي قايەرگە...

جېنىم ئانا،
سىز ماڭغان شۇ چىغىر يوللارنى
سۈرتمەكتىمىز يۈز - كۆزىمىزگە.
سىزنىڭ پىششىق تىلىگىزنى جان
قاتماقتىمىز گەپ - سۆزىمىزگە.
بەش زىخ بولدى ۋاژىلداپ بۇدەم
زىخ سانجىلىپ يۈرىكىمىزگە،
ئايۋنىمىز بولدى كۇمپەيكۇم
قازا يېتىپ تۆۋرۈكىمىزگە...

ئانا...
ۋۇجۇدۇمدا شېرىن ئېھتىياج،
سىز بولمىغاچ قالدى نائىلاج.
سىرغىپ چۈشتى بېشىمدىن بۇدەم

شاهزادەم دەپ تاقاپ قويغان تاج...

2009 ـ يىلى
يەنە ئاشۇ 11 ـ ئاي
يەنە ئاشۇ يېتىم چارشەنبە.
نېمە ئۈچى باركى بىلمىدىم
ئاشۇ كۈندە تۇگىدى ھەممە.

مەن تا بۈگۈنگە كەلگۈچىلىك
25 ـ نويابىرغا دىققەت قىلمىغان،
جىق كۈنلەرگە شېئىر يازغانمەن
25 ـ نويابىر ھەققىدە ھېچنېمە يازمىغان.

بىز يەر شارىدا يوق بولدۇق بۇ كۈن
قۇربان ھېيتنىڭ مەسلىھەتىدە
شاھنشاھ دادامنىڭ تەسەللىسىدە
پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىدۇق
تېخى تۈنۈگۈن
تېخى تۈنۈگۈن...

تالادىكى شاماللار،
كۆردۈڭلارمۇ دادامنى.
لىپپ ئاققان تارامىلار
كۆردۈڭلارمۇ دادامنى!؟

ھاۋادىكى بوز تورغاي

سەن كۆردۈڭمۇ دادامنى!؟
ئۇزاتتىڭمۇ ئاق چۇشلەر
ئىزدەپ ماڭسا ئانامنى!؟

غىچىر - غىچىر هارۋىلار،
تۇزغا ماڭغان باللار،
يايلاپ يۇرگەن پادىلار،
كۆردۈڭلارمۇ دادامنى!؟

ئاتقا مىنىپ ئۆتكەنلەر،
كۆز يېشىنى سۈرتكەنلەر،
بەكمۇ بالدۇر كەتكەنلەر،
كۆردۈڭلارمۇ دادامنى !؟

موهتاجلىقى ئەزگەنلەر،
يېتىملىكنى كەزگەنلەر،
بەختى بىۋاق تەزگەنلەر
كۆردۈڭلارمۇ دادامنى!؟

قىسمەتتىن ئاھ ئۇرغانلار،
چاچلىرىنى يۇلغانلار،
يارلىقىدە تۇرغانلار،
كۆردۈڭلارمۇ دادامنى!؟

كىتابتىكى ئا ب س،
ئامراق ئىدى ھەممىسى،

بور، ئۆچۈرگۈچ، دوسكىسى،
كۆردۈڭلارمۇ دادامنى!؟

ئازارلاشقان بىراۋغا
چاي قۇيامدۇ يا دادام.
ئوتقا ئوت بوپ، سۇغا سۇ
ھەممە ئىشتا بار دادام.

بۇقۇلدىغان كەپتەرلەر،
دادام دانغا كەتتىمۇ؟!
نان ياققىلى ئانام يوق،
ئۆيگە نانغا كەتتىمۇ؟؟

تاقلاپ يۈرۈپ مۈشۈكۈم
ئۆرۈدۈڭمۇ چىينى.
سۇ تۇتقىلى كەتتىمۇ
كۆلدۈرگىلى بىغنى.

يۈرەكتىكى چوغ ئۆچسە
ئامال بارمۇ قالاشقا.
80 ياشلىق توغراقتەك
دادام كىرگەن شۇ ياشقا.

مەكتەپتىكى بوغۇنلار،
دادام ئىزدەپ كەلدىمۇ!؟
كۆڭۈلۈڭلارنى خۇش قىلىپ،
پۇشتەك چېلىپ بەردىمۇ!؟

مويسىپىتلەر، مومايلار،
كۆز نۇرۇڭلار يېتتىمۇ!؟
بۇرۇنقىدەك ئىسقايتىپ
دادام بۇندىن ئۆتتىمۇ!؟

ئۇ چىكەتسە ئاسمانغا،
قۇياش ئىككى بولمامدۇ!؟
قۇياش كەتسە ئاسماندىن
گۈللەر قۇرۇپ، سولمامدۇ!؟

* * *

يولنى چاپقان ياش باللا،
هارۋا سۇنسا تۆلەڭلار.
ئەي سۇۋادان تېرەكلەر
دادام كەلسە يۆلەڭلار.

كۆزى خىرە دادامنىڭ،
يېتىلەڭلار چىۋىنقلار.
بارسا ئۆستەڭ بويىغا
گەپلىشىڭلار بېلىقلار.

كەلسە ئەگەر تىۋىشى
تۈزلىنىڭلار چىغىرلار.
هالسىرايدۇ يول ماڭسا
مېڭىپ كەلسۇن ئىدىرلار.

مۇدۇرەيدۇ گاھدا
ھاسا بولۇك ئورمانلار.
كۆرۈپ كېتەي دەپ كەلسە،
سەپ بولۇشلار بارخانلار.

قۇم بولۇشلار شېغىل ـ تاش
دادام ئەگەر پۇتلاشسا.
يەلپۈپ قويغىن شامالالار
قەدىمىنى توختاتسا.

دادام ئۆتسە ئېگىلسۇن،
بارچە شاخلار بولاي دەپ.
تۇرسۇن باغلار ئورنىدىن
شېرىنلىككە تولاي دەپ.

يوللىرىغا سۇ سەپسۇن،
ئۇسساپ كەتسە كۆلچەكلەر.
پۇتلىرىنى مۇجۇسۇن،
سەپ ـ سەپ بولۇپ چۆچەكلەر.

تاشلار ئېرىپ كېتەرمۇ
دادام تەكرار يۆتەلسە.
قۇياش چۇشۇپ كېتەرمۇ
ئۇ بېشىنى كۆتۈرسە.

ئايلىنارمۇ يامغۇرغا
قار كۆرگەندە چېچىنى.
قارچۇقىدا شام - چىراغ
تەرك ئەتكەي كېچىنى.

ئاخشاملىرى ئاي - يۇلتۇز،
بىللە ھەمراھ بولۇشلار.
ئۇيقۇسى يوق دادامنىڭ،
ياستۇق يۆلەپ قويۇشلار.

يۇگۇرۇشۇپ دەريالار،
پۇتلىرىنى يۇيۇشلار.
بارچە كىتاب جەم بولۇپ،
بىللە سۆھبەت قۇرۇشلار.

ئىشىك باقسۇن تۆگىلەر،
گەر چىدامنى ئىزدىسە.
تېلىقمىسۇن ھاياتلىق،
دادام ئازراق سۆزلىسە.

دۇمبىسىنى سىلىسۇن،
باھار «باھار بولاي» دەپ.
سۆيسۇن بۇلۇت بېشىغا،
«ئوماق ئاق قار بولاي» دەپ.

ئالەم چۆكسۇن باغرىغا،
«چەكسىز كەڭرى بولاي» دەپ.

گۈللەر ياپسۇن ئىزىنى،
«تېخمۇ ئۆز يۇراي» دەپ.

قوللىرىغا سۇ بەرسۇن،
قۇياش «يەنە يوراي» دەپ.
ئايىغىغا باش ئۇرسۇن،
تاغلار «مەزمۇت تۇراي» دەپ.

توختاپ تۇرسۇن دەريالار،
دادام كەلسە پىيادە.
ئېمىۋالسۇن چېھرىنى
جمى نۇرلار زىيادە...

*   *   *

كۆزۈمدە ياش، باغرىمدا لىق ئوت،
سىزگە قانماي ئۆتتۇق ھاياتتا.
تېلىقماقتا بۇندا دەرد ـ ئەلەم،
پىغان بىلەن ئۇرۇپ تۇپراققا.

خەير دادا، خەير پاسبان،
قامىتىنى يوقاتتى ئاسمان،
بېغىمىزنى سوقتى جۇت ـ بوران،
بەختىمىزنى سىلكىپ يىراققا.

غازان بولدى گۈلزارلار قۇرۇپ،
ئۆڭدى قۇياش چېچىنى يۇلۇپ،

تورۇپ كەتتى تاغلار دەس تۇرۇپ،
ئۆششۈك يەتتى بەش تال قىياقا.

قېتىپ قالدى سۇلار شۇ پېتى،
توڭلاپ كەتتى ئوتلار سۆلكىتى،
چۈشتى يەرگە يۇلتۇزلار رېتى،
پاتماي قالدى قىسمەت قوچاققا.

خەير دادا، خەير مېھرىبان،
خەير بۈيۈك قۇياشلىق ئاسمان.

* * *

ئاخىرقى قوشاق:

ئاق ئالمىنىڭ چېچىكى،
قىزىل ئالما چېچىكى
ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتاي.
شۇلغىنە جېنىم ئانامنى
نەلەرگە بارسام ئۇنتاي
قەيەرگە بارسام ئۇنتاي...
قانداق قىلاي، قانداق ئېتەي
دەردى يامان خېنىم ئانام...

شول دادامنىڭ بويلىرى
باغدىكى بولجاچە بار.

خېنىم ئانامنىڭ ساچلىرى
سايدىكى يىلانچە بار.

شول ئانامنىڭ قاشلىرى
دۇۋەتتىكى سىياھچە بار.
شول دادامنىڭ كۆزلىرى
خىلۋەتتىكى بۇلاقچە بار.
قانداق قىلاي، قانداق ئېتەي
دەردى يامان باغرىم دادا...

شول ئانامنىڭ يۈزلىرى
ئاسماندىكى ئايلارچە بار.
مەڭزىنىڭ قىزىللىقى
باغدىكى چۈگۈلچە بار.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
شول دادام ماڭغان كوچا
خېنىم ئانام ماڭغان كوچا .
بەش بالىنى يوللارغا
ئاش بېرىپ قاتقان كوچا.
گۈلتېرىغان[4] كەنتىدە
ئۇنۇپتۇ ئەمەن ياپىلاق.
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ
خېنىم ئانامدەك بىر بۇلاق.
باغرىم دادامدەك ئۈز، ئاماق.

هاۋادا بۇق ـ بۇق ئېتەر
قوشنا ـ قولۇمنىڭ دەمدەرى.
نەلەرگە بېرىپ دادلايدۇ
خېنىم ئانامنىڭ باللىرى
يارام دادامنىڭ باللىرى.

خېنىم ئانام ئېتىڭ قالدى،
ئەلكويدا سۆزۈڭ قالدى.
بەش بالاڭغا تارتىشىپ
ئارقىدا كۆزۈڭ قالدى.
روھىڭنى شاد كۇلدۇرۇپ
ئالەمچە تۇزۇڭ قالدى.
قانداق قىلاي، قانداق ئېتەي
دەردى يامان خېنىم ئانام...

2009 ـ يىلى دېكابىر، چىرا

---

① ② كېرىيە ناھىيەسىدىكى يۇرت ناملىرى.
③ رەھمەتلىك ئانامنى دەل موماملىڭ يېنىغا دەپنە قىلدۇق.
④ گۈلتېرىغان كەنتى ــ چىرا ناھىيەسىنىڭ دامىكۇ يېزىسىدىكى كەنت بولۇپ، رەھمەتلىك دادام، ئانام بىر ئۆمۈر مۇشۇ كەنتتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

# قالمايدۇ يەردە ھەرگىز ئەجىر - مېھنەت

— 2010 - يىلى 16 - مارت چىرا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى داغدۇغىلىق يىغىن چاقىرىپ، بىرقىسىم تۆھپىكار سەنئەتكارلارغا تون يېپىپ، كاتتا مۇكاپاتلىدى. مەن بۇ يىغىندىن ئىلھام ئېلىپ ئۇشبۇ شېئىرنى يىغىن ئەھلىگە سۇندۇم.

بۇھايات خىسلەتكە باي، قىسمەتكە باي،
ھاياتلىق ئەجىر بىلەن پورەكلەيدۇ.
ئادەمنىڭ كۆركى مېھىر، ۋاپا بىلەن،
ۋاپادا بىر - بىرىنى يېتەكلەيدۇ.

كونىلار دېگەن ئەقىل ياشتا ئەمەس،
تۆھپىسىز ھەرگىز رەتتە باشتا ئەمەس،
مېھنەتسىز يېگەن ئاش - تۇز ناشتا ئەمەس،
بىراۋنىڭ رىزقى گالدا تۇتەكلەيدۇ.


بەك ئاسان يۇرت بالىسى بولماق بىزگە،
بەكمۇ تەس يۇرت شەرىپى، بولۇش ئۆلگە،
ئوخشىماس مىڭنى قىلسا يانتاق گۈلگە،
تۆھپىدە ئەل يۇرت ياشناپ پورەكلەيدۇ.

كىم قېنى مىلك يىللارچە ياشالىغان،
كىم ئۆلۈم داۋانىدىن ئاشالىغان،
بەختىيار ئەلگە تۆھپە قوشالىغان،
بۇ تەننى ھامان كەتمەن ئورەكلەيدۇ.

چىنارنىڭ باشلانمىقى نوتىسىدىن،
چۈشكۈلۈك ئەمەس ئۈمىد شوتىسىدىن،
بولۇشلۇق مەلۇم دەيدۇ توپىسىدىن،
ھەر دەرەخ نوتا بىرلە كۆتەكلەيدۇ.

ئەركەككە ئەرلىك ھەمراھ، قىزغا زىننەت،
بىر نىشان ئۈچۈن ياشاش ئەزىز قىممەت،
قالمايدۇ يەردە ھەرگىز ئەجىر - مېھنەت،
ئەل بىركۈن چاۋاك ئۇرۇپ كۆرەكلەيدۇ.

2010 - يىلى مارت، چىرا



# سۆيىمەن ئانا يۇرت بىر ئۆمۈر سېنى

— 2010 - يىلى 21 - مارت چىرا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى دامىكۇ يېزىسىدا نورۇز بايرىمىغا ئاتاپ كاتتا مەشرەپ پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئۇشبۇ شېئىرنى پە-قىر كەڭ سورۇن ئەھلىگە سۇندۇم.

ئەسسالام ئانا يۇرت ئاچقىن قوينۇڭنى،
مەن كەلدىم تۇپاڭغا باغرىم ياققىلى.
ئوتۇڭغا ئوتۇنمەن چاراسلاپ كۆيگەن،
تەييارمەن سۈيۈڭدە بىللە ئاققىلى.

سەن بەرگەن جېنىمنى، قېنىمنى مېنىڭ،
سەن بەرگەن ئاش - تۇزۇم نېنىمنى مېنىڭ،
سەن بەرگەن ئەڭ پاكىز كۈلۈشلىرىمنى،
سەن بەرگەن شائىرلىق تىلىمنى مېنىڭ.

ئەجدادىم سەپ تۈزگەن ئىلىك ئۆستەڭ[1] دە،
كۈچ تاپار ۋۇجۇدۇم باغرىڭ كەزگەندە.
تاغ كەبى غەملىرىم سەندە كۈمپەيكۈم،
كۆتۈرسەم ھەق سېنى شۇڭا يەلكەمدە.

چىرايلىق ئىسمىسەن ئىھ، گۈلتېرىغان[2]،
جان ئانام باغرىڭدا گۈللەر تېرىغان.
دادامنىڭ ياشلىقى سىڭگەن باغرىڭغا،
پۈشتەكنىڭ ئاۋازى ئۇندىن ياڭرىغان.

راست گۈلسەن ئەزەلدىن ئىسمىڭغا لايىق،
قەلبى ساپ، پاكىز سەندە جىمى ـ جان.
گۈللەرنىڭ گۈلسەن، جان ئاتا ـ ئانام —
شۇ سەۋەب باغرىڭدا مەڭگۈ ئۇخلىغان.

ئېسىمدە ئازماڭغا چۆمۈلگەنلىرىم،
مېھرىلىك دۆڭلەرگە كۆمۈلگەنلىرىم.
ئەسسالام بالام دەپ داستىخان يايغان —
شورخانا[3]، پارچە كەنت[4]، زىندان كۆل[5] لىرىم.

چوڭ بولدۇم قىيغىتىپ پۇناق[6] لىرىڭدا،
بوي ئالدىم ئاش ـ تۇزۇڭ قوناقلىرىڭدا.
ئەر بولدۇم، پىشۇردۇم غۇرۇر، ۋىجدانىنى —
قىيغىتىپ جۇت ـ بوران، بوغىناقلىرىڭدا.

مەن بىللە مۆكۈشمەك ئوينىغان بىر چاغ —
ئاي، يۇلتۇز چۆڭكۆل[7] دە، ئايدىڭ ئاخشامدا.
ئامانەت قويغانمەن گۆدەكلىكىمنى —
قارىمان، قارادۆڭ، يەنە قاقشال[8] دا.

قالغانمۇ ـ قالمىغان مال قالغان[9] دا مال،
ئىشقىلىپ مەن ئۇندا بولغان كۆپ مالال.
سىرداشقان ئىدىممەن ئېگىزلار بىلەن،
(ئېپ بارغان رەھمەتلىك دادام ئېھتىمال).

ئەسسالام داشكۆل[10] گە، ئۇقالىقاش[11] قا،
ئوڭ قولۇم كۆكسۈمدە شۇ چوقا باش[12] قا.

ئەسسالام يۇرتۇمنى كۆكلىتىپ تۇرغان —
دامكۇيا، يۇناق يا، ئۇز بۇلاق باش[13]قا.

ئەسسالام كالتە يا[14]دىكى بىلىقلار،
ساقاللىق بولغاندۇ ئۇندا قىلىقلار.
مەن ئۇندا نەچچە كۈن تۈنىگەن بىرچاغ،
ئەسسالام مامۇق تەگ يېشىل چىملىقلار.

ئەسسالام، يۇرتۇمنىڭ شەرىپى ئۇچۇن —
ھەر سەپتە شان قۇچقان روھى سازلارغا.
ئەسسالام، مېھرىنىڭ دەرياسى بولمىش
ئەڭ ساددا، سەممىي ئازنا بازار[15]غا.

چۈشۈمدە باللىق، غەمسىز چاغلىرىم،
ئەسسالام مەن بۇزغان ھەر بىر چاتقىغا.
گاگاچۇك، قىلىيورغا كەتكەندۇ قېرىپ،
ئەسسالام قۇشلارغا، مۇغا[16]، پادىغا...

ئەسسالام ئاش - ئاشلىق، ئەت تۇپرىقىغا،
ئەسسالام ھەر باشقا، ھەربىر باشاققا.
بىر چىنە سۈيۈگىنىڭ قەرزى تۆلەنمەس،
قاتسامۇ بىر ئۆمۈر سېنى قوشاققا.

ئانامنىڭ ھىدى بار ھەر يوپۇرماقتا،
مېھرى ئۇت يوللاردا دادامنىڭ ئىزى.
سەن شۇنچە مۇقەددەس، سەن شۇنچە بۈيۈك،
ئانا يۇرت بىر ئۆمۈر سۆيىمەن سېنى.

سەن ئۇلۇغ، سەن ئەزىز جىمى يۇرتلاردىن،
تۇغقىنىم، تونۇشۇم، ھەرجان، ھەر تارام.
كىم مېنى ئانىسىز قالدىڭسەن دەيدۇ،
ئىھ، يۇرتۇم سەن مېنىڭ ئانامسەن ئانام...

2010 ـ يىل 21 ـ مارت، چىرا ـ دامىكۇ

---

①②③④⑤⑥⑦⑧⑨⑩⑪⑫ دامىكۇ يېزىسىدىكى كەنت، مەھەللەناملىرى.

⑬ دامىكۇ يېزىسىدىكى ئېقىن ناملىرى.

⑭ سۇ ئامبىرى نامى.

⑮ كەنت بازىرى نامى.

⑯ مۇغا ــ مۇشۇك ئائىلىسىگە تەۋە بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۇنىڭ يەرنى كولاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، دامىكۇ يېزىسىنىڭ ئېتىز ـ قىرلىرىدا ئۇنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك دامىكۇ يېزىسى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇغا لەقىمى بىلەن سۈپەتلىنىپ كەلگەن.

图书在版编目(CIP)数据

年轮：维吾尔文／多力坤·加帕尔．—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社 2011.3
ISBN 978-7-5469-1453-4

Ⅰ．①年… Ⅱ．①多… Ⅲ．①诗集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ．①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 035516 号

书　　名　年轮
作　　者　多力坤·加帕尔
责任编辑　图尔荪古丽·亚森
特约编辑　艾克拜尔·沙力
责任校对　迪丽努尔·阿布都热合曼
特约校对　克尤木·吐尔逊
封面设计　艾克拜尔·沙力
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐晓名纸品印刷有限公司
开　　本　880×1230 毫米　1/32 开本
印　　张　9
版　　次　2011 年 3 月 第 1 版
印　　次　2011 年 3 月 第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-1453-4
定　　价　29.00 元
(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)



گۈزەل سەنئەت لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-5469-1453-4

9 787546 914534 >

定价:29.00元